# خوتەندە ئىز قالدۇرغان ئۆلىمالار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھېيتاخۇن مەمتىمىن

بۇ ئەسەرنىڭ بېسىپ تارقىتىلىشىدا ئالاھىدە
قوللىغان ئورۇن **http://quranikerim.net**

# خوتەندە ئىز قالدۇرغان ئۆلىمالار

نەشىرگە تەييارلىغۇچى:
**ھېيتاخۇن مەمتىمىن**

تەھرىردە:
**ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان**

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۇچى:
**ئۇيۇق ئېلانچىلىقى**

ISBN: 978-1-959397-12-0
ئۇدۇن نەشرىياتى

2023 ئىستانبۇل

# مۇندەرىجە

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن كىرىش سۆز......1
دۆڭباغ مەدرىسەسى.............................10
ئەمەت ئاخۇن داموللام ..........................15
ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم........................25
مەمەتئېلى ئاخۇن خەلپىتىم ....................44
ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم ............58
ئابدۇررەئۇف مەخسۇم.............................79
خوتەن ئىسلام ھۆكۇمىتىنىڭ مالىيە ۋەزىرى
مۇھەممەد قاسىم داموللام.......................81
مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم............92
ئابدۇلھېكىم مۇھەممەد قۇربان............109
مۇھەممەد زاكىر خەلپىتىم..................112
قارى قۇرئان شەمسىددىن قاراجىم.........117
ئابدۇللاھ روزى داموللا ھاجىم...............126

مەمتىمىنجان داموللام ......................146
ئابدۇقەييۇم ھاجىم..........................150
يېقىنقى دەۋردە خوتەندە تۇتۇلۇپ كەتكەن
ئۆلىمالار.........................................155
خوتەندىكى بىرقىسىم مازارلار ..............175
ئىمامى جەئفىر تەيران مازىرى..............177
ئىمامى ھەمىدانىم مازىرى ..................178
تۆت ئىماملىرىم مازىرى......................179
ئىمامى غەززالى مازىرى......................181
باغدات مازىرى.................................182
ئىمامى ئەپتەھ مازىرى........................182
ئىمامى جەئفىرى سادىق مازىرى ...........183
پايدىلانغان ماتېرىياللار......................185

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن كىرىش سۆز

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

«تارىخ ئۆتمۈشنىڭ ئەينىكى» دېگەن تەبىر بويىچە ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىقىش، ئىش - ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇلار ھەققىدە يالداما قالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ ئۆتمۈشكە ئەينەكلىك رولى ئوينىغانلىق دېيىشكە بولىدۇ. ھېچبولمىسا يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي مائارىپى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشۇپ، ئىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەر بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشقاندىن كېيىن باقىي ئالەمگە كەتكەن تەۋەررۈكلىرىمىزنىڭ ئۆز خەلقى ۋە دىنى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاش روھى، دىنىغا بولغان سەممىيىتى، ساداقىتى،

چەككەن رىيازەتلىرى ۋە تۆلىگەن بەدەللىرى بىزگە ئىلھام مەنبەسى بولالىسا، ئەنە شۇ چاغدا بۇ كىتابچىنىڭ تۈزۈلۈش غايىسى ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. بۇ كىتابچىغا تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلگەن، يېقىنقى زاماندا خوتەندە ئۆتكەن بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ ياشىغان دەۋرىنى نەزەردە تۇتۇپ، تەنقىدىي پوزىتسىيەنىمۇ ئۇنتۇماي، توغرا ۋارىسلىق قىلالىساق، مەنزىلگە يېتەلەيمىز ۋە ئەڭ مۇھىمى ئاللاھ تائالاغا يۈز كېلەلەيمىز.

كەمىنە 1973 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خوتەن چىرا ناھىيە نۇرى يېزا چىمەنباغ مەھەللىسىدە، دېھقان - چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئىكەنمەن. مەن دۇنياغا كۆز ئاچقان ماكان قاراقۇرۇم تاغلىرى ئېتىكىدىكى يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىچىككىنە تاغلىق يېزا بولۇپ، ئەينى چاغدا ھىندىستان دىيوبەند مەدرىسەلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ كەلگەن ھېكىم ھاجىم ئىسىملىك بىر مويسىپىت ئۆلىمانى ھېسابقا ئالمىغاندا، كالامۇللاھنى تەپسىر قىلالايدىغان ئەھلى

ئىلىملەرمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى.

مەرھۇم دادام مەمتىمىن ھاجىم ۋە بىرقانچە يىلدىن بۇيان مەن ئىز - دېرىكىنى ئالالمايۋاتقان ئانام مەسۇيدىخاننىڭ قوللىشى بىلەن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى شۇ يېزىدا ئوقۇش جەريانىدا ھەپتە ئاخىرى ۋە يازلىق - قىشلىق تەتىللەردە دىنىي تەلىم ئېلىشنى ئۆزۈلدۈرمەي كەلگەن ئىكەنمەن. قۇرئان ساۋاتىمنى لوپ ناھىيەسى سامپۇل يېزىسىدىن پات - پات يېزىمىزغا كېلىپ، ئوقەت قىلىدىغان مەمەتنىياز ئاخۇنۇمدا چىقارغاندىن كېيىن، مەھەللىمىزدىكى چوڭ دادامنىڭ ئىنىسى نەسىردىن ئاخۇنۇم ۋە سىراجىدىن ئاخۇنۇم قاتارلىقلاردا «مۇبەييىنۇل ئىسلام»، «سوپى ئاللاھيار»، «مۇختەسەر ۋىقايە» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ تاماملىدىم. ئاندىن ئۇستازىم سىراجىدىن ھاجىمنىڭ خوتەن شەھىرىدىكى بىلىمى يۇقىرى ئۇستازلاردا تېخىمۇ ئۆرلەپ ئوقۇشۇمنى جىددىي تەۋسىيە قىلىشى نەتىجىسىدە ئانام مەسۇيدىخېنىم مېنى 1986 - يىلى قىشتا خوتەن شەھەر

شورباغدىكى مەمەتناسىر ئاخۇن داموللامىنىڭ مەدرىسەسىگە ئاپىرىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ چاغدا مەن ئىلىپ كىلىنگەن جاي سوپىلارنىڭ دەرگاھى بولۇپ، مەدرىسەگە كەلگەن تۇنجى كۈنى دەرگاھتىكىلەر «ھۆم» سىلىپ ئايلىنىپ، زىكىر ئېيتىپ يىغا - زار قىلىشىۋاتقان سورۇنغا ئىلىپ كىلىنگەن ئىكەنمەن. تەسەۋۋۇپ ئەھلى مەمەتناسىر ئاخۇن داموللامغا قاراشلىق مەزكۇر مەدرىسەگە ئورۇنلىشىپ ئالاھەزەل ئىككى ئايدىن كىيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى «جىگەر كىسىلى تارقالدى» دىگەن باھانە بىلەن بارلىق تالىپلارنى يۇرتلىرىغا قايتىپ كىتىشكە قىستىدى. يىزىغا قايتىپ كەتسەم، قايتا ئوقۇغىلى كىلەلمەيدىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان بولغاچقا، دۆڭباغدىكى ئەمەت ئاخۇنۇمنىڭ يىنىدا ئوقۇشقا باشلىدىم. ئەمەت ئاخۇنۇمنىڭ لاگىرۇ يىزىسىدا نۇرغۇن تىرىلغۇ يەرلىرى بولۇپ، كۈندۈزلىرى ئاخۇنۇمنىڭ ئىشىنى قىلىپ، ئەتىگەن - ئاخشىمى ئاران بىرقانچە سائەتلا ساۋاق ئالالايتتىم.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، خوتەن شەھىرىگە مېنى يوقلاپ كەلگىنىدە مېنىڭ ئوقۇشتىن بەكرەك ئەمگەككە سېلىنغانلىقىمنى كۆرگەن مەرھۇم دادام مەتىمىن ھاجىم كونا دوستى مەتىمىن مەخسۇم ھاجىمنى ئىزدەپ، تالىپلىرنى كۆپ ئەمگەككە سالماي، كۆپرەك ئوقۇتۇپ بېرىدىغان بىرەر ئۇستازغا تونۇشتۇرۇپ قويۇشىنى ئۆتۈنگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەتىمىن مەخسۇمنىڭ ئوغلى تېۋىپ مەتتۇرسۇن ھاجىمكام مېنى ئابدۇجېلىل تۇران ئاكىمىزنىڭ دادىسى مەمەت ئابدۇللاھ مەخسۇمنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. مەن مەخسۇم ھاجىمنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، مەرھۇم مەمەت ئابدۇللاھ مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى مەسچىتتە «شەرھى ۋىقايە» دەرسى ئوقۇتۇلۇۋاتقان ئىكەن. مەسچىتتە دەرس ھەلقىسىدە ئولتۇرغان تالىپلاردىن پەرقلىق ھالدا، ئۇستىبېشىمدا يەكتەك بار ئىدى. بۇ كىيىنىشىمدىن زوقلانغان مەخسۇم ھاجىم مېنى ئالاھىدە ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ، باللارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ بارچە تالىپلارنىڭ ئۇيغۇر ئەھلى ئىلىملىرىنىڭ يۇرۇش - تۇرۇش

تەرزىگە مۇناسىپ، مۇشۇنداق ئۇزۇنراق كىيىم كىيىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە نەسىھەت قىلغان ئىدى. كېيىن بىلدىمكى، ئۇ چاغلاردا خوتەندە سوپى - ۋاھابىي غوۋغاسى ئەۋج ئالغان بولۇپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە ئوخشاش ئۇستازلاردا بىللە ئوقۇغان مەمەتناسىر داموللام ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم ئۆلىمالار تەسەۋۋۇپچى، مەمەت ئابدۇللاھ مەخسۇم ھاجىم ۋەكىللىكىدىكى يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار ۋاھابىي ئېقىمىنى ياقىلايدىكەنتۇق. شۇ چاغلاردا ھالى كۆنىمۇ ناھايىتى ياخشى، قول ئىلكىدە بار مەمەت ئابدۇللاھ مەخسۇم ھاجىم ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، «پىرقەتۇن ناجىيە» قاتارلىق ۋاھابىيەت ئېقىمىنىڭ بىرنەچچە كىتابىنى باستۇرۇپ، دەرس قىلىپ ئۆگىتىپ ھەتتا يىراق - يېقىندىكى ئەرەبچە كىتابلاردىن پايدىلىنالايدىغانلىكى ئەھلى ئىلىملەرگە ئەۋەتىپ بېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ مەخسۇمكامدا «بىدان ئەسئەدەكەللاھۇ فىددارەيىن» دەپ باشلىنىدىغان پارسچە كىتابچىنى، «مەئزىي» ۋە «كافىيە» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، فىقىھتىن

«مۇختەسەر ۋىقايە» ناملىق كىتابنى ئوقۇدۇم. تاكى 1989 - يىلىغا كەلگەندە مەمەت ئابدۇللاھ مەخسۇم ھاجىم تۈركىيەگە كۆچۈپ كېتىدىغان بولۇپ قېلىپ، مەن بىلەن بىللە ئالاھەزەل 12 تالىپنى دۆڭباغدىكى مەمەت ئېلى ئاخۇن خەلپىتىمگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

مەمەت ئېلى ئاخۇن خەلپىتىمدە ئوقۇۋاتقان تالىپلار شۇ چاغدا بىر مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم ۋە مۇھەممەد زاكىر ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىق ئۇستازلاردىنمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ دەرسلەرنى ئالاتتى. مەنمۇ شۇ قاتاردا مەمەت ئېلى ئاخۇن خەلپىتىمنى باش ئۇستاز تۇتۇپ ئەقىدە، فىقھە، ھەدىس ۋە تەپسىر ساھەسىدە مەزكۇر ئۇستازلاردا بىر قىسىم كىتابلارنى ئوقۇغان بولدۇم. ئاندىن گۇمىغا چىقىپ، ئابدۇلھەفىز ھاجىم، مەمتىمىنجان داموللام، ئەخمەتجان قارتاغىز داموللام، ئەخمەتجان ئىبراھىم داموللام قاتارلىق ئۇستازلاردا بالاغەتكە دائىر «شەرھى تەلخىس»، گىراماتىكىغا دائىر «ئەلفىيە»، ئىلمى مەنتىقكە دائىر «ئىيسا

غوجى» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇغان ئىدىم. بولۇپمۇ ئابدۇلھەفىز ھاجىمدا «ئەقىيدەتۇل مۇئمىن» ناملىق كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا مەدرىسە تىلىدا ئەمەس، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا تەرجىمە قىلىش، ئۇيغۇرچىغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل قائىدىسى بويىچە چۈشىنىشلىك ئۆزۈش ھەققىدە ئالغان تەرجىمە مېتودى ھاياتىمنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان دېسەم، ھەرگىز مۇبالىغە قىلغان بولمايمەن.

كېيىنچە خوتەن شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇمدا «روھۇددىينىل ئىسلامىي» ناملىق ئەسەرنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئۇستازىمىزنىڭ دەرستىن ئۇيغۇرچە كونسپېك يېزىش تەۋسىيەسى مېنىڭ قەلەم تەۋرىتىشكە بولغان ئىشتىياقىمنى ئاشۇرغان ئىدى. ئەقلىمگە كېلىپ ئۇقسام، بىزنىڭ نۇرى يېزىسىغا قاراشلىق سايباغ رايونىدىكى بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇلھېكىم ھاجىم ئەينى چاغدا ھىندىستاندىكى دىيوبەند مەدرىسەسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ

يۇرتىمىزغا قايتقان ئىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ مەن داۋاملىق ئاشۇ ئۇستازغا تولىمۇ ھەۋەس قىلاتتىم ھەمدە كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ماڭىمۇ ھىندىستانغا ياكى باشقا بىرەر ئىسلام دىيارىغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش نېسىپ بولارمۇ؟ دەپ خىيال سۈرەتتىم. مەزكۇر ئۇستازلارغا بولغان چەكسىز سېغىنىش ۋە مىننەتدارلىق بۇرچۇمنى ئازراق بولسىمۇ ئادا قىلىش يۈزىسىدىن بۇ كىتابچىنى تۈزۈپ ئولتۇرۇپتىمەن.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزلاردىكى بۇ كىتابچىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەندە ئۆتكەن ئۆلگىلىك بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلدى. مەزكۇر ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمھالىنى رەتلەش ئۈچۈن قولىدىكى ماتېرىياللارنى ئايىمىغان ئۇستاز ئابدۇجېلىل تۇران ئاكامغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

ھۆرمەت بىلەن ھېيتاخۇن مەمتىمىن
فىنلاندىيە - خېلسىنكى
2022 - يىلى 23 - ماي

# دۆڭباغ مەدرىسەسى

بۇ كىتابچىدا ئورۇن ئالغان ئۇستازلار ئاساسەن خوتەن شەھەر دۆڭباغ رايونىنى مەركەز قىلىدىغان بولغاچقا، گەپنى ئاشۇ دۆڭباغدىن باشلايلى:

1980 - يىللىرنىڭ ئالدى - كەينىدە خىتاي تۈرمىسىدە 15–20 يىلدىن يېتىپ، هايات چىقالىغان مەمەت ئېلى ئاخۇن خەلپىتىم، ئابدۇلئەهەدخان مەخسۇم، مۇهەممەد زاكىر ئاخۇن خەلپىتىم، مەتقۇربان داموللام، مەمەت ئابدۇللاھ مەخسۇم، مەمەتناسىر ئاخۇن داموللام قاتارلىق ئۆلىمالار يەر ئاستى ئۆيلەردە دىنىي مائارىپ خىزمىتىنى باشلىغان ئىكەن. مەزكۇر ئۆلىمالارنىڭ تۇنجى تالىپلىرى مۇهاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بەلگىلىك تۆهپىلىرى بىلەن تونۇلغان سىراجىدىن ئەزىزى، ئابدۇجېلىل تۇران، ئابدۇلئەهەد ئۇچقۇن قاتارلىقلار ئىكەنلىكى مەلۇم. دۆڭباغ مەدرىسەسىنىڭ بىرەر مۇقىم قورۇسى ياكى ۋىۋىسكىسى

بار ھەشەمەتلىك بىناسى بولمىسىمۇ، مەزكۇر ئۇستازلارنىڭ ئالدىنقى ئۈچى خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەرنىڭ سەل ئېگىزرەك چېتىدىكى دۆڭباغ مەھەللىسىدە ئولتۇرىدىغان بولغاچقا، «دۆڭباغ مەدرىسەسى» دەپ ئېلىنىدى. دەسلەپتە بىرنەچچە تالىپ بىلەن باشلانغان بۇ ئوقۇتۇش بارا - بارا كۆلەملىشىپ، 1989 - يىلىغا كەلگەندە نەچچە يۈزگە يەتكەن تالىپلار خوتەننىڭ ھەرقايسى ناھىيە ۋە يېزىلىرىدىن سىرت، يەنە كورلا، چەرچەن، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئۇيغۇر تالىپلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ھەتتا بۆرتالادىن كەلگەن قازاقلارغىمۇ قۇچاق ئاچقان ئىدى.

دۆڭباغدىكى تۆمۈر ئاخۇنكامنىڭ چوڭ ھويلىسىدىكى 50 كىشىلىك تالىپلار ياتىقىدىن سىرت، يەنە نەچچە يۈزلىگەن ئائىلىلىكلەرنىڭ بىرەر ئېغىزلىق ئۆيى تۆت - بەش تالىپنىڭ يېتىپ قوپۇشىغا بېرىلەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى مەدرىسە ئېچىشقا رۇخسەت قىلمايدىغان بولغاچقا، «كۆچمە (سەييارە)

ئوقۇتقۇچى» دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بۇ ئوقۇتقۇچى سىستېمىسىدىكى دەرسلەر بەزىدە جامى - مەسچىتلەردە ئۆتۈلسە، كۆپ ھاللاردا ئۆيلىرىنىڭ مېھمانخانىلىرىنى پىدائىيلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دەرسخانا سۈرۈنىغا ئايلاندۇرۇپ، سۇپا ھازىرلاپ بەرگەن باغرى كەڭ خوتەن خەلقىنىڭ ئۆيلىرىدە ئۆتۈلەتتى. تالىپلارنىڭ كىيىنىشى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى خىتاينىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان شەكىلدە بولۇپ، پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى.

بۇ مەدرىسەلەردە ئوخشىمىغان يىللىقلار بويىچە غوللۇق كىتابلار قاتارىدا نەھۋى (ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسى) گە ئائىت ئەسەرلەردىن «ھىدايەتۇن نەھۋى»، «كافىيە»، «موللا جامى»، «ئەلفىيە» قاتارلىق كىتابلار؛ ئىستىلىستىكا (بالاغەت ئىلمى) غا ئائىت ئەسەرلەردىن «مەتنى تەلخىس» ۋە «شەرھى تەلخىس» قاتارلىق كىتابلار؛ فىقھىقا ئائىت ئەسەرلەردىن «مۇختەسەر ۋىقايە»، «شەرھى ۋىقايە»، «قۇدۇرىي» ۋە «ھىدايە» قاتارلىق كىتابلار؛ ھەدىسكە ئائىت ئەسەرلەردىن

«مىشكاتۇل مەسابىھ»، «سەھىھۇل بۇخارىي»، «سەھىھ مۇسلىم» قاتارلىق كىتابلار؛ تەپسىرگە ئائىت ئەسەرلەردىن «تەپسىر جەلالەيىن»، «تەپسىر بەيزاۋى» قاتارلىق كىتابلار ئاساس قىلىنىپ دەرس بېرىلەتتى. ئۇ چاغلاردا دىنىي ئوقۇتۇشتا كىتاب - ماتېرىياللارمۇ ناھايىتى قىس بولۇپ، بەزى كىتابلار گەنسۇدىكى تۇڭگانلار ئارقىلىق كۆپەيتىلىپ، تەمىنلىنەتتى ھەتتا سىياسىيغا ياتىدىغان بىر قىسىم سەزگۈر ئەسەرلەر يايما كىتاب ساتىدىغان كىتابپۇرۇشلارنىڭ پىنھانىراق ساقلايدىغان سومكىسىدىن تېپىلاتتى. كېيىنكى زامانلاردا سەئۇدىي ئەرەبىستان ۋە مىسىردا ئاۋام ئۇچۇن يېزىلغان كىتابچىلاردىن سىرت، مىسىرلىق سەييىد قۇتۇبنىڭ «فىي زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، «روھۇددىينىل ئىسلامىي» ۋە «فىرقەتۇن ناجىيە» قاتارلىق ئەرەب دۇنياسىنىڭ، بولۇپمۇ سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ كىتابچىلىرىمۇ دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىدى. كېيىن سەئۇدىي ئەرەبىستانغا بارغىنىمدا كۆردۇمكى، مەزكۇر كىتابلارنىڭ بىر قىسمى سەلەفىي

ئېقىمىدىكى جامائەتلەر ھەجگە كەلگەن چەتئەللىك ھاجىلارغا ھەقسىز تارقىتىدىغان كىتابلار ئىكەن.

گەرچە ھەممە ئۇستازنىڭ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئىزچىل ئوقۇتۇۋاتقان تالىپلىرى ۋە ئۆزگىچە قاراشلىرى بولسىمۇ، تالىپلار قايسى ئۇستازنىڭ دەرسىگە قاتناشماقچى بولسا، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قاتنىشالايتتى.

مەزكۇر ئۇستازلارنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن ياكى خىتاي تۈرمىلىرىدە قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ، شېھىت قىلىنىشى نەتىجىسىدە تۈگەپ كېتىشى ۋە ئىزباسارلىرىنىڭ خىتاي زىندانلىرىغا تاشلىنىشى بىلەن 2016 - يىلىغا كەلگەندە دۆڭباغ مەدرىسەسىنىڭ 26 يىللىق دىنىي مائارىپ كۈرىشى پۈتۈنلەي توختىغان بولدى. بىراق، دۆڭباغ مەدرىسەسىدە ئوقۇپ، كېيىن چەتئەلگە چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن نەچچە يۈز تالىپلار بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىماقتا. بۇ كىتابچىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭمۇ ئەسلىمىلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشىغا تىلەكداشمەن.

# ئەمەت ئاخۇن داموللام

(1986–1914)

ئابدۇجېلىل تۇران

مەرىپەت مەشئىلى مەرھۇم دىنىي ئالىم ئەمەت ئاخۇن داموللام ئۆزىنىڭ 30 يىلدىن ئارتۇق جامائەتچىلىك، مۇسۇلماندارچىلىق ھاياتىدا ئۆزئارا ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈش، يۇرتنى سۆيۈش، ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، نامراتلارغا يار – يۆلەك بولۇش، يېتىم – يېسىرلارغا خەيرخاھلىق قىلىش جەھەتلەردىكى ئەخلاقىي تەلىماتلىرى بىلەن ئەل – جامائەتنى توغرىغا يېتەكلەپلا قالماي، ياشلارنى ئىلىم – مەرىپەت ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىپ ھەم ئۆزى بىۋاسىتە باشلامچىلىق بىلەن ياشلارغا ئىلىم – مەرىپەت ئۆگىتىپ، خەلقنىڭ قەلبىدىكى مەرىپەت مەشئىلىگە ئايلانغان. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەر كۆپ تەرىپىنى قىلىشىدىغان، «ئەلنىڭ چىرىغى» بولۇشقا مۇناسىپ، مۆتىۋەر ئۆلىما ئىدى.

ئەمەت ئاخۇن داموللام ھىجرىيە 1333 – يىلى (مىلادىيە 1914 – يىلى) ئەتىيازدا قاراقاش ناھىيەسىگە قاراشلىق زاۋا يېزىسىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە، مۇھەممەد قۇربان ئاخۇن ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇھەممەد قۇربان ئاكا ئىلىم – مەرىپەتنى تولىمۇ قەدىرلەيدىغان كىشى بولغاچقا، نامرات بولۇشىغا قارىماي، ئون پەرزەنتىنىڭ ھەممىنى يۇرتىدىكى يۇسۇپ ئاخۇن داموللامدا ئوقۇتۇپ، ساۋاتىنى چىقارغانىكەن. يەتتە ياشقا كىرگەن ئەمەت ئاخۇنمۇ بىر تۇغقانلىرى قاتارىدا يۇسۇپ ئاخۇن داموللامدا تەربىيەلەنگەن. 14 ياشقا كىرگەندە دادىسى قازا قىلىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ قولىغا قالغان بولسىمۇ، قېرىنداشلىرى ئۇنى داۋاملىق ئوقۇتۇشقا بەل باغلاپ، قاراقاش شەھەر ئىچىدىكى «قۇربانىنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم مەدرىسەسى»گە ئەكىرىپ بەرگەن.

ئۇ مەزكۇر مەدرىسەگە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇدەررىسلەردىن تۇۋەت يېزىسىنىڭ چاقار كەنتلىك باقى ئاخۇنۇم بىلەن تونۇشۇپ

قالىدۇ. باقى ئاخۇنۇم كىچىك ئەمەت گەرچە ئەقىللىق بالا بولسىمۇ، ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى ياخشى تەربىيەلىنىشكە تەسىر يېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى ئۆز يۇرتىدا ئاچقان مەدرىسەگە ئاپىرىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن خەۋەر ئالغاچ تەربىيەلەيدۇ.

باقى ئاخۇنۇم ياش ئەمەتنى ئىككى يىلغىچە تەربىيەلىگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئۆرلەپ ئىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، قاغىلىقتىكى ئۇستازلىرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىدۇ. ئەمەت ئۇ يەردە بەش يىل ئەتراپىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، باقى ئاخۇنۇمنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن 1935 – يىللىرى قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. زامانلاردىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم ئىلىم مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىگە توپلانغان ئاتاقلىق ئۇستازلارنىڭ قولىدا ئون يىلغا يېقىن ئوقۇپ، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، فىقھ ئىلمى،

ئەخلاق ئىلمى ۋە تەجۋىد ئىلمى قاتارلىق ئىسلامىي بىلىملەرنىمۇ پۇختا ئىگىلەپ، ئۇستازلىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشى بىلەن «داموللا» ئۇنۋانىنى ئالىدۇ. بىر مەزگىل ئۇستازلىرىنىڭ يېنىدا مۇدەررىسلىك قىلغاندىن كېيىن، 1946 – يىلى ئانا يۇرتى قاراقاشقا يېنىپ كېلىدۇ. ئەمەت داموللامنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئالدىنئالا خەۋەر تاپقان بۇرۇنقى ئۇستازى، قاراقاش ناھىيەسى «قۇربانىنياز ئەلەم ئاخۇنۇم مەدرىسەسى»نىڭ مۇدەررىسى قۇربانىنياز ئەلەم ئاخۇنۇم ئەمەت داموللامنى ئالاھىدە داغدۇغا بىلەن زاۋۇا يېزىسىدىكى ئۆيىدىن ئۆز مەدرىسەسىگە مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىپ ئەكىرىۋالىدۇ. ئەمەت داموللام بۇ مەدرىسەدە 1950 – يىلىغىچە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ. بۇ جەرياندا قۇربانىنياز ئەلەم ئاخۇنۇم ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەمەت ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ھېلىمخان ئىسىملىك قىزىغا ئۆيلەپ قويىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇربانىنياز ئەلەم ئاخۇنۇم بۇ توينى نەزىر توي قاتارىدا ئاددىي – ساددا ئۆتكۈزۈپ، شەھەر

ئىچىدىكى پۈتۈن مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنىڭ بارلىق ئۆلىمالىرىنى قاتناشتۇرغانىكەن.

ئەمەت داموللام 1950 – يىلى قوچى يېزىسىنىڭ كونا ئېرىق، يېڭىئېرىق، چاڭگۇ ۋە كۆكيار كەنتلىرىدىكى يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ ئىلتىماسى ۋە قۇربانىنياز ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ رازىلىق بىلدۈرۈپ قوشۇلۇشى بىلەن قوچى يېزىسىغا چىقىپ، كونا ئېرىق كەنتىنىڭ بوغاز مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ، ئىلىمسۆيەر قوچى خەلقىنىڭ مۇسۇلماندارچىلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇلار داموللامنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا مەسچىت ۋە مەدرىسە سېلىپ، مەدرىسە يېنىغا كۆل كولاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن داموللام قوچى خەلقىنى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن بىر قەدەر ئىلغار ھەم ساغلام بولغان مۇسۇلماندارچىلىق يولىغا يېتەكلەپ، يۇرت تەۋەسىدىكى بارلىق چوڭ – كىچىك دەپنە مۇراسىمى، نەزىر – چىراغ، توي – تۆكۈن، مەرىكە، ئىسىم قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە توغرا رىياسەتچىلىك قىلىپ، بۇ خىل پائالىيەتلەردە ئىلگىرى داۋاملىشىپ

كەلگەن ھەشەمەتچىلىك، ئابرۇي قوغلىشىپ ئىسراپچىلىق قىلىش قاتارلىق نامۇۋاپىق ئىشلارنى مۇسۇلمانچىلىق قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ئاساسلار ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشتەك ئىلغار تەرەپلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىدۇ.

ئۇ يەنە يۇرتتىكى بىكار قالغان ياشلارنى ئىلىم – مەرىپەت ۋە ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىپ، كۆپلىگەن ياشلارنى مەدرىسەگە قوبۇل قىلىپ تەربىيەلەيدۇ. داموللامنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق تەلىملىرىدىن تەسىرلەنگەن خېلى كۆپ ياشلار ئۆزلۈكىدىن ھەر خىل ھۈنەر – كەسىپلەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. داموللام يۇرت خەلقىگە قىلغان تەبلىغ - ئەھكاملىرىدا يوقىرىقىغا ئوخشاش مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئاددىي – ساددا ئۆتكۈزۈشنى داۋاملىق تەكىتلەپ، ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش، پېقىر – مىسكىن، كەمبەغەل، يېتىم – يېسىرلارنىڭ ۋە ئاجىز – مېيىپلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش،

بولۇپمۇ يېتىم بالىلارنى ئېتىبارسىز تاشلىۋەتمەسلىك توغرىسىدا كۆپ قېتىم تەسىرلىك نۇتۇقلارنى سۆزلەپ، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈردى. داموللامنىڭ خالىس نىيەت بىلەن قىلغان تىرىشچانلىقى ۋە ئىجتىهادى نەتىجىسىدە قوچى يېزىسى تەۋەسىدە يېڭىچە كەيپىيات بارلىققا كېلىدۇ.

داموللامنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىلغار ئىش – پائالىيەتلىرى ھەققىدە سۆز ئېچىلسا، ھېلىھەم كىشىلەر ماقۇللىشىپ باش لىڭشىتىدۇ. داموللام بۇ يىللاردا ئەل – يۇرتنىڭ پاراۋانلىقى، ئىناق – ئىتتىپاقلىقى، ئامان – ئېسەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بىر مۇسۇلمان ئۆلىماسىغا خاس بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىدىن سىرت، دىنىي مائارىپقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مەدرىسەدە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا شۆھرىتى كۈندىن – كۈنگە ئەتراپقا تارىشىغا ئەگىشىپ، قاراقاشىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىن ھەتتا گۇما، قاغىلىق، خوتەن، كېرىيە قاتارلىق جايلاردىنمۇ كىشىلەر بالىلىرىنى

ئەكېلىپ، داموللامنىڭ تەربىيەسىگە تاپشۇرۇشقا باشلىغان. شۇ مەزگىللەردە داموللامنىڭ قەشقەر خانلىق مەدرىسەدىكى ساۋاقدىشى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە تەقرىز يازغان ئاتاقلىق ئۆلىما ئابدۇلهېكىم مەخسۇم هاجىممۇ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەمەت داموللامنىڭ تەربىيەلىشىگە ئەۋەتكەنىكەن.

پەننىي مائارىپ تېخى رەسمىي راۋاجلىنىپ بولالمىغان ئەينى يىللاردا ئەمەت داموللامنىڭ دىنىي مائارىپنى بولسىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويماي، ئەۋلادلارنى تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشى هەقىقەتەن تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

1957 - يىلى خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ سولچىل سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە كۆپلىگەن زىيالىيلار ۋە هەرقايسى ساهەدىكى ئىلغار كىشىلەر هەر خىل بەتنامالارغا ئۇچراپ، ئارقا – ئارقىدىن تۈرمىگە تاشلانغان. شۇ قاتاردا ئەمەت داموللاممۇ تۈرمىگە تاشلىنىپ، 1980 – يىلغىچە تۈرمە ئازابىنى تارتقان. 1980 – يىلى ئاقلىنىپ،

نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەنە بۇرۇنقىدەكلا مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى ئۆتەش بىلەن بىرگە مۇدەررىسلىكنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ مەزگىللەردە يېزىلاردا ئاتالمىش ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەندە كىشىلەر بەس – بەستە ئىشلەپ، ھەر يىلى مول ھوسۇل ئېلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، يىراق - يېقىندىكىلەر مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسى بويىچە يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئايرىشقا تېگىشلىك ئۆشرە – زاكاتلىرىنى داموللامغا ئەكېلىپ بېرىشىدۇ. بىراق، داموللام بۇلارنى ئېلىشنى رەت قىلىپ، ئۆشرە – زاكات ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرنى كەمبەغەل يېتىم – يېسىرلارنىڭ ۋە مېيىپ – ئاجىزلارنىڭ ئۆيلىرىگە باشلاپ بېرىپ، ئەكەلگەن ئۆشرە – زاكاتلارنى شۇلارغا بەرگۈزىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ھەر كۈنى مەسچىت جامائىتىگە ئۆشرە – زاكاتلارنى يېتىم - يېسىرلارغا بەرگەندىلا دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى قايىل قىلارلىق شەكىلدە چۈشەندۈرىدۇ. مېھماندارچىلىقنى ھەشەمەتچىلىكتىن خالىي ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى تەشۋىق – تەرغىباتلىرىنى

يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مېھماندارچىلىقتا قايتىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ناتوغرا ئىللەتلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالدۇ. باشتىن – ئاخىر ئاددىي – ساددا ۋە ھالال ياشاپ كەلگەن ئەمەت داموللام 1984 – يىلى ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ، ساقىيالماي، 1986 – يىلى 5 – ئاينىڭ 4 – كۈنى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

قوچى خەلقى ئۇزۇن مەزگىل ئۆزلىرىگە ئىلىم ئۆگەتكەن، ئەل - يۇرتنىڭ چىرىغى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى يورۇتۇپ كەلگەن بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستازنى ھېلىغىچە ئۇنتۇماي كەلمەكتە.



# ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم

ئۆلىمالار كانى قەشقەر «خانلىق
مەدرىسەسى»نىڭ ئاخىرقى تەۋەررۇكى
(2011–1915)

مۇھەممەد ئىمىن بېشارەت

## ئابدۇقادىر داموللا ھاجىمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئىلمىي ھاياتى

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم مىلادىيە 1915 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرى ئارغۇل كەنتىدە مەھپۇز ئاخۇن ئىسىملىك ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. خوتەن شەھىرى يورۇڭقاش

دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنىما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، تارىختا «ئۇدۇن» نامى بىلەن تونۇلغان قەدىمىي شەھەر بولۇپ، خەلقى ئىنتايىن دىندار، سەمىمىي، ئاقكۆڭۈل كىشىلەردۇر. مەزكۇرنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي بولغان لاسكۈي يېزىسى ئەنە شۇ خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق يېزىلاردىن بىرى بولۇپ، شەرق تەرىپى شەھەر بىلەن، غەرب تەرىپى خانئېرىق يېزىسى بىلەن، شىمال تەرىپى يېڭىئېرىق يېزىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى شورباغ يېزىسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. لاسكۈي مەمۇرىي جەھەتتىن ئون كەنتتىن تەشكىل تاپقان، زېمىنى كەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، مەنزىرىسى گۈزەل، تولىمۇ مېھرى ئىللىق بىر يۇرتتۇر. لاسكۈي خەلقى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان ئاشنالىقى، ئالىملارغا بولغان چىن ھۆرمىتى، دىن - دىيانىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن ئىسىل، پەزىلەتلىك خەلقتۇر.

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم ئەنە شۇنداق

مۇھەممەت ئۆسۈپ يېتىلگەن بولغاچقا، كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ چوڭ بولغان. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا سەۋىيەدىكى شەرئىي بىلىملەرنى لاسكۈي ۋە توسالللا يېزىسىدىكى پېشقەدەم ئۇستازلاردىن ئالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇپ جاھالەت پاتقىقىدا ئىڭراۋاتقان ئەزىزانە خەلقىنىڭ يارامىلىق ئالىمى بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئۈچۈن، ئەينى يىللاردا «ئىككىنچى بۇخارا» دەپ نام ئالغان ئىلىم بۇلىقى قەشقەرگە ئالىي غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن ھالدا، تاغدەك ھىممەت بىلەن 15 كۈنلۈك يولنى پىيادە بېسىپ يېتىپ كەلگەن. بۇ ۋاقىت دەل 1944 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. ئابدۇقادىر داموللا ھاجىمنىڭ قىزى ئاسىيەخان ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم قەشقەردە مەشھۇر خوتەن ئالىمى ئابدۇلللاھ روزى داموللا ھاجىم بىلەن بىرگە ئوقۇغان ئىكەن.

ئۇ زامانلاردا قەشقەر شەھىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئاۋات بىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان

خانلىق مەدرىسەسى[1]، ساقىيە مەدرىسەسى[2]، هېيتگاھ جامىي مەدرىسەسى[3] قاتارلىقلار پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى 48 دانە[4] چوڭ - كىچىك مەدرىسەلەر ئىچىدە مۇدەررىسلىرىنىڭ

1 قەشقەرنىڭ ياۋاغ رايونىغا جايلاشقان قەشقەر خانلىق مەدرىسىسى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تەخمىنەن مىلادى 1625 - يىللىرى بەرپا قىلىنغان، 1966 - يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە مەزكۇر مەدرىس تارىختا بىر قېتىم چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ چېقىۋېتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا بىر قانچە ئېغىز خانىسى ساق قالغان، شۇنداقلا مەدرىسىنىڭ ئورنىنىڭ بىر قىسمى قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپكە، يەنە بىر قىسمىنى قەشقەر شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلگەن. هازىر ئىزىمۇ سۈپۈرۈپ تاشلانغان.

2 ساقىيە مەدرىسىسى 1900 - يىللىرى شەيخ ئىسلام باھاۋۇدۇن مەخدۇم تەرىپىدىن قەشقەردە قۇرۇلغان. 1914 - يىلى رەسمىي ئېچىلىش قىلىنىپ ئوقۇتۇش باشلانغان. شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ يۇقىرى بىناكارلىق سەنئىتىنى قوللىنىپ ناھايىتى ھەيۋەتلىك سېلىنغان. كەڭ دەرۋازىلىق، ئىككى تەرىپىدە بىر ئىگىز مۇنار، تۆت ئەتراپى دەرسخانا، نۇتۇق سالونى ۋە تالىپلار ياتىقى، ئوتتۇرىسى كەڭ مەيدان، قىبلە تەرىپى چوڭ مەسجىدتىن تەركىب تاپقان بۇ گۈزەل تارىخى ئەسەر مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان.

3 هېيتگاھ جامىي مەدرىسىسى 1436 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىمۋوللۇق ئىمارەتلىرىدىن بىرى بولغان بۈيۈك هېيتگاھ جامىسى بىلەن بىللە قۇرۇلغان جامى تەۋەلىكىدىكى ياتاقلىق مەدرىسە.

4 مەنسۇرئابدۇلباقىي بۇخارىنىڭ «ئىككى ھەرەمگە ھىجرەت قىلغان ماۋەرائەننەھىر ئۆلىمالىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 252 - بېتىگە قاراڭ. 1914 - يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان نوشىرۋان يائوشىفنىڭ «ئالتە شەھەر مەكتۇپلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 551 - بەتتە خاتىرىلىنىشىچە، شۇ زاماندا قەشقەردە 14 مەدرىسە، 79 مۇدەررىس، 10085 تالىپ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چىقىملىرى ۋەقپىلەردىن بېرىلەتتى.

سەرخىللىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇن ئالغان ھەمدە تەرەپ - تەرەپتىن ئىلىم شەربىتى ئىچىش ئۈچۈن كەلگەن تالىپلار بىلەن تولغان ئىكەن. ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم ئەنە شۇ ئۆلىمالار ئىچىدىن مەھمۇد داموللام[5]، ھاشىم ئاخۇن داموللام[6]، سۇلايمان داموللام[7]، ئىمىن

---

5 مەھمۇت ئاخۇن داموللام: 1869 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان، كىچىكىدىنلا ئىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ قەشقەردىكى ئۇستازلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان، 1894 - يىلدىن 1901 - يىلغىچە بۇخاراغا بېرىپ ھەرقايسى پەنلەر بويىچە بىلىم ئاشۇرۇپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى داڭلىق ئالىم، مەشھۇر فىقھشۇناس بولۇپ، ئۆمۈر بويى مۇدەررىسلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇنلىغان كاتتا ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

6 ھاشىم ئاخۇن داموللامنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى قاسىم ئاخۇن ناۋاي بولۇپ، مىلادىيە 1887 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن مەھمۇد ئاخۇن داموللام، شەمسىدىن داموللام، ئابدۇلقادىر داموللام قاتارلىق ئۇلۇغ ئۇستازلىرى بىلەن مۇدەررىسلىك ھاياتىنى باشلىغان. كېيىن شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، باش رەئىس، شەيخۇلئىسلام قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مەسئۇد سەبرى ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ باش ۋەكىلى بولغان. ئۇ فىقھى، ھەدىس، قىرائەت ئىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن. ئىزچىل مۇدەررىسلىك قىلغان. ئوقۇتۇش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ئەسەر يېزىپ قالدۇرالمىغان ئىدى. 1947 - يىلى ئايالى ۋە ھارۇن، ئەمىن ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بىلەن ھەجگە كېلىپ، شۇ يىلى شابان ئېيىدا مەدىنەدە ۋاپات بولغان ۋە بەقىئ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

7 سۇلايمان داموللام سەئىد ئاخۇننىڭ ئوغلى سادىق ھاجىمنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 1910 - يىلى خوتەندە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئىلىمسۆيەر كىشى بولۇپ، خەنزۇ تىلىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار 1916 - يىلى قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن.

مەۋلىۋى[8]، ئىسمائىل داموللام، ئابدۇللاھ داموللام، هامىد داموللام، ئابدۇرېشىت مەۋلىۋى، ئەھمەدخان داموللام، مۇھەممەدخان مەخدۇم، ئابدۇلباقىي داموللام، ئابدۇقادىر سەئىدىي داموللام قاتارلىق كاتتا ئۆلىما ۋە مۇدەررىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان.

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم ئەنە شۇنداق ئىلىم پېشىۋالىرىدىن ھەدىس، تەپسىر، فىقىھ، ئۇسۇل فىقىھ، ئەقىدە قاتارلىق تۈرلۈك شەرىئەت ئىلىملىرىنى پىششىق ئىگىلىگەندىن باشقا سەرف (مورفولوگىيە)، نەھۋى (گىراماتىكا)، بالاغەت (ئىستىلىستىكا)، ئەرەب نەسرىي ۋە شېئىرىي ئەدەبىياتىغا ئالاقىدار

سۇلايمان داموللام دىنىي ۋە بىر قىسىم پەننىي بىلىملەرنى شەمسىدىن داموللام، مەھمۇد ئاخۇن داموللام، باھاۋۇدۇن مەخدۇم، ئەپەندى مەخدۇم، ئابدۇلقادىر داموللام ۋە ئەبۇلقاسىم ئاخۇن قاتارلىق كاتتا مۇدەررىسلەردە ئوقۇغان. ئۇ قەشقەردىكى ئەڭ بىلىملىك، ئەدەپلىك، تەقۋادار ئالىملاردىن ھەم ئۆز دەۋرىدىكى داڭلىق تىلشۇناس، تارىخشۇناس، ئەدىب، فىقھشۇناسلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەدەبىيات ۋە بالاغەت ئىلمىدە ھەممىيلەن ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى. مۇتەنەببىي، ئىمرىئۇل قەيس، جەرىر، نابىغە، ئەختەل، ئەھمەد شەۋقىي قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى ياد بىلەتتى. بىدئەت ۋە خۇراپاتلارغا قارشى ئىدى. ئىزچىل مۇدەررىسلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. 12 يىل تۈرمىدە يېتىپ، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن كىتاب يېزىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئەپسۇسكى، بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى يوق.

8 خانلىق مەدرىسەنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىما ۋە كاتتا مۇدەررىسى.

مەشھۇر كىتابلارنى ئىنتايىن پىششىق ئوقۇغان ھەمدە تالىپلار ئارىسىدا خەلپەت[9] بولۇپ، دەرس ئۆگىتىشكە ماھىر، كىلاسسىك كىتابلارنىمۇ تەمتىرىمەي ئۆگىتەلەيدىغان يېتۈك ئۇستازغا ئايلانغان.

ئەينى چاغدا خوتەن بولۇپمۇ قەشقەر مەدرىسەلىرىدە «پەنجى گەنجى»، «تۆھپەتۇن نەسائىھ»، «بىدىل»، «مەسنەۋى»، «بوستان»، «گۈلىستان»، «مەكتۇبات شەرىف» ۋە «تەپسىر ھۈسەينى» قاتارلىق پارسچە كىتابلارمۇ مەدرىسەلەردە دەرس پىروگراممىسى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. «ئەلفىييە» قاتارلىق بىر قىسىم دەرسلىك كىتابلارنىڭ شەرھلىرىمۇ پارسچە ئىدى. شۇڭا، ئۇ چاغلاردا پارسچىنىمۇ پىششىق بىلمىگەن ئالىم چوڭ ئۆلىما ھېسابلانمايتتى. ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم پارس تىلىنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن بولۇپ، پارس ئەدەبىياتىغا ھەقىقەتەن ماھىر ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم قەشقەردىكى

9 خەلپەت: ئوقۇغۇچىلارغا دەرس مۇزاكىرە قىلىپ بېرىدىغان، ئۇستازغا ۋاكالىتەن دەرس ئۆگىتىش سالاھىيىتىگە ئىگە چوڭ تالىپ.

مەزگىللەردە ئىلمىي قابىلىيىتىدىن سۆيۈنگەن ئۆلىما ۋە تالىپلار ئۇنى قەشقەر ھېيتگاھ مەدرىسەسىدە مۇدەررىسلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بىرگە ئوقۇغان ئىلمىنى تالىپلارغا ئۆگەتكەن.

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم قەشقەردىكى ئىلىم تەھسىلىنى تۈگىتىپ ئۇستازلىرىنىڭ دۇئا ۋە ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، «داموللا» ئۇنۋانى بىلەن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى لاسكۇيغا قايتىپ كېلىپ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە جامائەتلەرگە ۋەز ئېيتىش بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە يۇرت ئۆلىمالىرىنىڭ چىن ئېتىراپى ۋە قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»[10] مەزگىللىرىدە ئەل - يۇرت ئارىسىدا چوڭقۇر بىلىمى، پىشقان سۆزمەنلىكى، شېئىر - قوشاقلارغا ماھىرلىقى بىلەن تونۇلغان

10 1966 ـ 1976 - يىللار ئارىسىدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە ماۋزېدۇڭ تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى.

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىممۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئېغىر كۈنلەردىن بەزىدە سەۋرچانلىقى، بەزىدە سۆزمەنلىكى بىلەن، يەنە بەزىدە قەستەن ساراڭ بولۇۋېلىش قاتارلىق تۈرلۈك تەدبىرلىرى بىلەن ساق - سالامەت ئۆتۈپ كەتكەن.

80 - يىللاردىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە بىر ئاز ياخشىلىنىش بولغان. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى سىياسىي بوران - چاپقۇنلاردىن ئامان قالغان ياكى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن بىر قىسىم ئۆلىمالار، مۇدەررىس ئۇستازلار، ۋەزخان ۋە دەۋەتچىلەر قايتىدىن دىنىي خىزمەتلەرنى جانلاندۇرۇشقا باشلىغان. ئېغىللارغا ئۆزگەرتىلگەن ياكى يىقىۋېتىلگەن مەسچىتلەرنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش دولقۇنى قوزغالغان. كىشىلەر دىنىي پائالىيەتلەردە نىسبەتەن ئەركىنلىككە ئېرىشكەن. ئاخىر 30 يىللىق قارا كۈنلەر ئاخىرلىشىپ، گويا جۇتتىن كېيىنكى باھاردەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن.

## ئابدۇقادىر داموللا ھاجىمنىڭ جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي سۈپەتلىرى

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم ئورۇق، ئەمما قاۋۇل، ئېگىز بويلۇق، كۆزى چوڭقۇر ھەم ئۆتكۈر، قاڭشارلىق، يۈزى ئۇزۇنچاق، بۇغداي ئۆڭ، ساغلام كىشى ئىدى. 85 ياشلارغا كىرگەندىمۇ، پەلەمپەي ئارقىلىق يەتتىنچى قەۋەتكىمۇ بىمالال چىقىپ - چۈشەلەيتتى.

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم گەپ - سۆزى ئوچۇق ھەم قەتئىي بولۇپ، چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى. مەردانە، دادىل ئالىم ئىدى. ھەق بىلگەن سۆزىدە چىڭ تۇراتتى، ھېچكىمگە ھەتتا ھوقۇقدار، ئەمەلدارلارغىمۇ خۇشامەت قىلمايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىشتىن، قالايمىقان گەپ قىلىشتىن ئەيمىنەتتى. تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، ھەشەمەتچىلىكتىن خالىي ئىدى. تۇرلۇك ئىسراپچىلىقتا بولۇپمۇ داستىخان ئىسراپچىلىقىغا بەكمۇ قارشى ئىدى. مۇڭداشقىلى ئامراق، چىقىشقاق، چايخۇمار، ھەمراھخۇمار ئىدى، يالغۇز قېلىشنى خالىمايتتى.

## ئابدۇقادىر داموللا ھاجىمنىڭ سەپەرلىرى

**قەشقەر سەپىرى:** ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم تەخمىنەن 30 ياشلارغا كىرگەندە يەنى 1944 - يىلى ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بەزىدە ئېشەك بىلەن، بەزىدە پىيادە خوتەندىن قەشقەرگە بىرقانچە قېتىم سەپەر قىلغان. تاكى ئىلىم خەتمە قىلغانغا قەدەر قەشقەر خوتەن ئارىسىدا كۆپ قېتىم سەپەر قىلغانلىقى تەخمىن قىلىنىسىمۇ، ئېنىق سانى مەلۇم ئەمەس.

**پاكىستان سەپىرى:** ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم پاكىستانغا ئىككى قېتىم بارغان بولۇپ، بىرىنچى قېتىم ھەج قىلىش نىيىتىدە يولغا چىقىپ، ھەج ۋىزىسى ھەل بولماي قايتىپ كەتكەن. يەنە بىر قېتىم ئوغلى بەرىكەتۇللاھ ھاجىمنى پاكىستاندا ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ چىققان.

**ھەج سەپىرى:** شەرقىي تۈركىستاندا 1980 - يىللاردىن كېيىن 30 يىلدىن ئارتۇق تاقىۋېتىلگەن چېگرا ئېچىلىپ، كىشىلەر بەلگىلىك ئېغىر شەرتلەر ئاستىدا بولسىمۇ

ھەجگە بارالايدىغان بولدى. ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم 1984 - يىلى تېبابەتچىلىك قىلىپ يىغقان ھالال پۇللىرى بىلەن قىزى نۇرئىمانخاننىڭ ھەمراھلىقىدا پاكىستان يولى ئارقىلىق تۈركىيەگە كېلىپ ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن، يەنە سەئۇدىي ئەرەبىستانغا كېلىپ، 6 ئاي تۇرۇپ ھەج قىلىپ قايتقان.

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم يەنە 1999 - يىلى ئوغلى بەركەتۇللاھنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەجگە بارغان. بۇ قېتىم ئۇ تالىپلىرىنىڭ دەرسىسىز قالماسلىقى ئۈچۈن، مەككە ۋە مەدىنىدە تەخمىنەن ئىككى ئاي تۇرۇپ ھەجدىن كېيىنلا قايتىپ كەلگەن.

## ئابدۇقادىر داموللا ھاجىمنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە ئاشىنالىقى

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم ئىلىم يولىدا نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چەككەن بولۇپ، بۇ قىسقىغىنا ماقالىدە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ھەممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولالمايمىز. ئۇ تالىپلىرىغا خوتەن - قەشقەر ئارىسىدىكى ئىلىم سەپىرى ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق

دەيتتى:

«سىلەر ‹ياغنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك› راھەتتە ئوقۇۋاتىسىلەر. مەن ئەينى چاغدا قەشقەرگە پىيادە بېرىپ - كېلىپ ئوقۇغان. ئۇ چاغلاردا يوللار ئېگىز - پەس، بەك ناچار ئىدى. خۇرجۇننىڭ ئىككى پېيىغا ئانام يېقىپ بەرگەن بۇغداي نېنى بىلەن زاغرا ناننى قاچىلاپ ئوڭ مۈرەمگە، سۇ قاچىلانغان قاپاقنى سول مۈرەمگە ئارتىپ ماڭاتتىم. ئۇ چاغلاردا بۇغداي نېنى ئەتىۋار بولغاچقا، ئەلۋەتتە ئاز ئىدى. قەشقەرگە بېرىپ بولغۇچە ئېلىپ ماڭغان نانلارمۇ تۈگەپ قالاتتى. ھازىرقىدەك ئاياغلارنى چۈشۈمدىمۇ كۆرەلمەيتتىم. پۇتۇمغا يۇڭ پايتىمىنى يۆگىۋالاتتىم. يول ئۇزۇن ھەم ئېگىز - پەس بولغاچقا، پايتىملار ئۇپراپ، يىرتىلىپ كېتەتتى. پۇتلىرىمغا لاتا ئوراپ يولۇمنى داۋاملاشتۇراتتىم. ئۇزۇنغا قالماي ئورىغان لاتىمۇ يىرتىلىپ پۇتۇمدىن چۈشۈپ قالاتتى. پۇتلىرىم قاپىرىپ، ئىششىپ ھەتتا قاناپ كەتكەن چاغلارمۇ بولغان. مىڭبىر جاپادا قەشقەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن،

ۋەخپىلەردىن مۇدەررىس ۋە تالىپلارغا ياش ئۆلچىمى ۋە ئوقۇش دەرىجىسىگە قاراپ بېرىلىدىغان نورمىلىق ئاشلىقتىن تاماق ئېتىپ يەيتتۇق. ئۇ چاغلاردىكى شارائىت بەكمۇ ناچار ئىدى. ھازىرقىدەك ئىسسىق، ئوخشىمىغان تاماقلار نەدە تۇرۇپتۇ؟ ھەتتا ئوتۇنمۇ قىس بولغاچقا، قىش كۈنلىرى تاھارەت سۈيىنى ئاخشىمى يوتقانغا تىقىپ قوياتتۇق، سەھەردە شۇ سۇ بىلەن غۇسلى قىلاتتۇق ياكى تاھارەت ئالاتتۇق. سىلەر ھەقىقەتەن راھەتتە ئوقۇۋاتىسىلەر. شۇڭا ئىلىمنىڭ قەدرىگە يېتىڭلار. بۇ ئىلىم ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس...».

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم دەرس ئۆگىتىشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن، ۋاقىتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، تالىپخۇمار ئۆلىما ئىدى. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ۋە تۈرلۈك زىياپەتلەرنى باھانە قىلىپ تالىپلارنى دەرسسىز قويمايتتى. مۇدەررىسلىكنى ئەڭ مەنپەئەتلىك، ئەڭ ئۇلۇغ ھەم ساۋابى كۆپ خىزمەت دەپ بىلىپ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى، تالىپلارنى ھەممىدىن

ئەزىز بىلەتتى. پات - پات «ئوقۇغان كىشى هامان توغرا يول تاپىدۇ» دەپ قوياتتى. ئۆزى بىلەن ئوخشاش يول تۇتۇپ ماڭمىغان تالىپلىرىغىمۇ ناهايىتى مېهرىبان ئىدى. كۆڭلىرىنى كىتابسىز، دەرسسىز ئۆتكۈزۈشنى خالىمايتتى.

مەلۇم بىر پېشقەدەم ئۇستاز مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇقادىر داموللا هاجىم تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ كۈن پاتقانغا قەدەر كوممۇنانىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى تېرىش، ئوغۇت توشۇش، بوز يەر ئېچىش قاتارلىق ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىپ تۇرۇپمۇ، دەرس ئۆگىتىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك خىزمەتنى تاشلىمىغان. ئۇ چاغلاردا دىنىي ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى قاتتىق چەكلەنگەن بولۇپ، بايقىلىپلا قالسا 15–20 يىل تۈرمىدە يېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇ شۇنچىۋالا خەتەرگىمۇ پىسەنت قىلماي، كېچە سائەت ئۈچتىن باشلاپ تاڭ يورۇغىچە بىر قىسىم قەيسەر تالىپلارغا دەرس ئۆگىتىپ، هېچكىم تۇيماستىن يولغا سېلىپ بولاتتى. جۈملىدىن، مەنمۇ كېچە سائەت 3:00 تە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يەتتە كىلومېتىر

يولنى بىسىپ شۇنداق ئوقۇغان ئىدىم.

سىياسىي ۋەزىيەت ناھايىتى يامانلىشىپ كەتكەن 2009 - يىللارغا قەدەر ھەر كۈنى نۇرغۇنلىغان تالىپلار داموللامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، دەرس ئېلىپ قايتاتتى. بەزى گۇرۇپپىدىكى تالىپلارغا ئالدىن كېلىشىپ قويغان ئۆيلەرگە بېرىپ دەرس ئۆتەتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، داموللا ھاجىم 90 ياشقا كىرىپ قالغان بولۇشىغا قارىماي، ھەر يەكشەنبە كۈنى قاراقاشنىڭ يېزا، شەھەرلىرىدىن يىغىلغان تالىپلارغا دەرس بېرىش ئۈچۈن بىرقانچە يىل ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ قاراقاشقا بارغان ئىدى. خوتەن شەھىرىدىكى بىر قىسىم تالىپلارغا دەرس بېرىش ئۈچۈنمۇ بىر - ئىككى يىل شەھەرگە كىرىپ - چىققان ئىدى.

## ئابدۇقادىر داموللا ھاجىمنىڭ ۋاپاتى

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم 2010 - يىلى كۈز پەسلى 11 - ئاينىڭ يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈنى ئۆيىگە يېقىن يولدا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشكەن باھانە بىلەن ئورۇن تۇتۇپ

يېتىپ قالدى. بىراق، شۇنداق كۈنلەردىمۇ ئاز بولسىمۇ دەرس ئۆگىتىشتىن توختاپ قالمىدى.

2011 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىنتايىن قايغۇلۇق، مۇسىبەتلىك بىر كۈن بولدى. بۈيۈك ئالىم ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم 96 يېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. لاسكۈي - قاراقاش يولى بويىدىكى لاسكۈي بازىرىغا يېقىن مەركىزىي مەسچىتتە ئوقۇلغان مېيىت نامىزىغا خوتەن ۋە قاراقاشنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئالىملار ۋە مۇدەررىسلەردىن باشقا يەنە ئون مىڭلارچە جامائەت قاتناشتى. نامازدىن كېيىن مەسچىتنىڭ يېنىدىكى «باش لاسكۈي كەنتى»گە تەۋە قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى.

ھاياتىنى ئىلىم - مەرىپەتكە بېغىشلىغان، مىڭلىغان تالىپلارنىڭ ئېغىزىغا ئىلىم سالغان، «خانلىق مەدرىسەسى»نىڭ بىردىنبىر تەۋەررۈكى بولغان پېشقەدەم

ئالىمنىڭ ۋاپاتى ئۇچۇن چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممەيلەن ھەسرەتلىك قايغۇغا چۆمدى.

## ئابدۇقادىر داموللا ھاجىمنىڭ ئەسەرلىرى

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىمنىڭ زېھنى ئۆتكۇر، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىزچىل مۇدەررىسلىك قىلىش بىلەن ئۆتكەن بولغاچقا، ئوقۇغان - كۆرگەنلىرىنى ئانچە ئۇنتۇپ كەتمىگەن ئىدى. نورمال ئادەملەر 70–80 ياشلارغا كىرسە ئەقلى - ھوشىنى يوقىتىپ كىچىك بالىدەك بولۇپ قالىدۇ. ئىلىمنىڭ بەركىتى بولسا كېرەك، ئابدۇقادىر داموللا ھاجىمنىڭ 90 ياشلىرىدىمۇ ئەقلى نورمال، زېرەك بولۇپ، ئاخىرقى نەپەسلىرىگە قەدەر نورمال دەرس ئۆگىتىشىنى توختاتمىغان. مەرھۇم 92 ياشقا كىرگەندە ھېچبىر مەنبەگە تايانماستىن، قەلبىدە جۇش ئۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئەدەبىيات ئۇنچىلىرىنى قەغەز يۈزىگە تۆكۈشنى ئويلىغان.

ئۇزاق ئۆتمەي مەرھۇمنىڭ ئىككى ئەسىرى

پۈتۈپ، بىر قىسىم ئۆلىمالار ۋە تالىپلار ئارىسىدا يوشۇرۇنچە تارقالغان. ئۇنىڭ بىرى بالاغەت ئىلمىنىڭ بىر تۈرى بولغان «بەدىئى ئىلمى»گە تەۋە جىناس قائىدىسىنىڭ بويىچە يېزىلغان «لۇغاتۇل جىناس لىنەپئى خاسسەتىل ئۇناس» ناملىق كىتابى، يەنە بىرى «ئەلقەسىيدەتۇت تەرتىيبىييە» ناملىق ئەرەب تىلىدىكى 26 ھەرپىنىڭ ھەممىسى قاپىيەداش قىلىپ يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى ئىدى. بۇ ئەسەر ھازىرغىچە قولىمىزغا چۈشمىدى.

ئابدۇقادىر داموللا ھاجىمىنىڭ «لۇغاتۇل جىناس» ناملىق ئەسىرىنىڭ پۈتۈن قۇرلىرى ئەنە شۇنداق جىناس شەكلىدە كەلگەن شېئىري ئىبارىلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، بۇ يېزىقچىلىق سەنئىتىدىكى كەم تېپىلىدىغان قابىلىيەت، يۈكسەك سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان ماھارەت ھېسابلىنىدۇ.



# مەمەتئېلى ئاخۇن خەلپىتىم

(2004−1930)

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

يېتۈك ئالىم، مۇدەررىس مەمەتئېلى ئاخۇن خەلپىتىم 1930 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى چىرا ناھىيەسىنىڭ مەركىزىگە يېقىن بولغان جاي كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ باشلانغۇچ دىنىي بىلىملەرنى چىرىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1947 - يىلى كېرىيەدىكى قالۇق مەدرىسەسىگە پىيادە بېرىپ، «سەرف» ۋە «ھىدايەتۇن نەھۋى»دىن باشلاپ 3 يىلدەك

ئوقۇغان. 1953 - يىلى شۇ دەۋردە خوتەندىن ئۇلاغلىق نەچچە ھەپتىلىك يىراقلىقتا بولغان قەشقەرگە ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ كارۋىنىغا قوشۇلۇپ، مىڭبىر جاپادا بېرىپ، مەشھۇر خانلىق مەدرىسەسىدىكى ئاتاقلىق ئۆلىمالاردىن ئىمىن مەۋلىۋى داموللام قاتارلىق ئۆلىمالاردىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ يىللار دەل مەدرىسە ۋە مەسچىتلەرنىڭ كىرىم مەنبەسى بولغان تېرىلغۇ يەرلەر ۋە مال - چارۋىلار كوممۇنىست قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان مەزگىللەر بولغاچقا، مەدرىسەگە ئوقۇغىلى كەلگەن بىر قىسىم تالىپلار كۈندۈزى مەدىكارچىلىق قىلىپ ئىشلەپ جان بېقىشقا توغرا كېلىدىكەن. مەمەتئېلى خەلپىتىممۇ ئەتىگەن - ئاخشاملىرى ئەپكەشتە سۇ توشۇپ جېنىنى بېقىپ، ئېشىنغان ۋاقىتتا ئوقۇپ ئۇسۇلۇددىن، ئۇسۇلۇلفىقھ ۋە ئۇسۇلۇلھەدىس قاتارلىق بىلىملەرنى ئوقۇپ دىنىي ئىلىملەردە شۇ دەۋرگە نىسبەتەن بىر قەدەر يۇقىرى مەلۇماتلىق ئالىم بولغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مەمەت ئېلى خەلپىتىم ئىلىم تەھسىل قىلغان شۇ مەزگىللەردە

كۆپىنچە ئەپكەش بىلەن سۇ توشۇپ جان باقىدىغان بولغاچقا، قەشقەردە «مەمەتئىپلى ئەپكەش» دەپ ئاتىلىدىكەنتۇق.

خەلپىتىم 1958 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قەشقەر ساقچى باشقارمىسى تەرىپىدىن ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر دەپ قولغا ئېلىنىپ، ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. كوممۇنىست ھۆكۈمەت شۇ جەرياندا ئۇنى زىنداندىن چىقىرىپ، باشقارمىنىڭ پارچە - پۇرات ئىشلىرىغا سالىدۇ. 1965 - يىلىغا كەلگەندە مەخپىي سوت ئېچىلىپ، قايتا توققۇز يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنىدۇ ۋە پەيزاۋاتتىكى قاراقچىن مەيدانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. خەلپىتىم تۇرغان بۇ جايدا قاغىلىقتىن ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ھاجىم، ئابدۇرېشىت قارىم، ئەمەتخان كىتابچى، ياقۇپ قارىم، سەدرىدىنخان مەخسۇم ۋە سالىھجان قارىم قاتارلىق ئۆلىمالارمۇ بار بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم گۇرۇپپىلارغا تەقسىم قىلىۋېتىدۇ، جۈملىدىن خەلپىتىمنى 4 - قوراللىق ئەترەتكە تەقسىم قىلىدۇ. خەلپىتىم بۇ

ئەترەتتە بوز يەر ئېچىش ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىدۇ. 1968 - يىلى ئۇ يەردىن قويۇپ بېرىلىپ، قاراقچىن مەيدانى تەۋەلىكىدىكى ئاتالمىش يېڭى ھايات مەيدانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ مەيدانىنىڭ تۈرمىدىن پەرقى پەقەت ھەر ئايدا باھالىنىپ، ياخشى ئىشلىگەنلەرگە ئايدا 18 يۈئەن مائاش بېرىلىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. كادىرلاردىن رۇخسەت ئالالىسا، ئۈچ - تۆت ئايدا بىر قېتىم بازارغا بارالايتتى. 1970 - يىلىغا كەلگەندە پەيزاۋات قاراقچىن مەيدانىدىن مارالبېشى تەۋەلىكىدىكى جاڭبۇ يېڭى ھايات مەيدانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ ۋە بۇ جايدىمۇ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىپ، بوز يەر ئېچىش، يەر تېرىش ۋە چارۋا بېقىش قاتارلىق ئىشلارغا سېلىنىدۇ. خەلپىتىم شۇنداق قىلىپ يەنە 9 يىلنى مەجبۇرىي ئەمگەك مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزىدۇ. ئالدى - كەينى بولۇپ 18 يىللىق ھاياتى شۇ تەرىقىدە خىتاينىڭ قولىدا نابۇت بولىدۇ.

تۈرمىدىن چىقىپلا خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە دىنىي مائارىپقا ئۆزىنى

بېغىشلىغان خەلپىتىم 80 - يىللاردىن باشلاپ تاكى ئاخىرقى ئۆمرىگە قەدەر خوتەن ئىلچى ناھىيەسىگە قاراشلىق دۆڭباغ مەھەللىسىدە تالىپ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، 2004 - يىلى تومۇز ئېيىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

مەندە خەلپىتىمنىڭ قالدۇرغان ئۆچمەس ئىزلىرى بار. مەرھۇمنىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ دەرس ئۆتۈشلىرىنى ئويلىسام، ئۇ زاتقا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشىدۇ. خەلپىتىم ئوقۇتۇپ قويغاننىڭ بەدىلىگە تالىپلىرىدىن ھېچقانداق ماددىي ھەق ئالمايتتى. بىر كۈنى خەلپىتىم خوتەن شەھىرىدىن 300 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىزنىڭ چىرا ناھىيە نۇرى يېزىسىدىكى ئۆيىمىزگە كېلىپ، بىرنەچچە كۈن تۇرغان ئىدى. شۇ مەزگىلدە مەن خەلپىتىمنى ئائىلىمىزدىكى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن يېزىدىكى بىر قىسىم جايلارنى ئايلاندۇرغىنىم ئېسىمدە. ئەسلىدە خەلپىتىم ئاز بولسىمۇ ھالال ئەمگىكى بىلەن كىرىم قىلىش ئۈچۈن، بۇ تاغلىق يېزىمىزدىن خام تېرە سېتىۋالغىلى

كەلگەن ئىكەن. دادام رەھمەتلىك ئۆلىمالارنى، ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى ناھايىتى ئىززەتلەيدىغان كىشى بولۇپ، مەھەللىدىكى ئۆلىمالارنىمۇ قولىدىن كېلىشىچە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يۆلەپ تۇراتتى. شۇ چاغدا خەلپىتىمنىڭمۇ ئالاھىدە ئىززىتىنى قىلىپ، ئۇزاپ ماڭىدىغان كۈنى يېزىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە پەتنۇسقا بىرنەچچە يۈز يۈئەن پۇلنى قويۇپ: «ئاز بولسىمۇ يوللۇقلىرى بولسۇن» دېگەندە، خەلپىتىم پۇلنى زاكات دەپ ئويلاپ قالغانمۇ ئەيتاۋۇر، قەتئىي ئالغىلى ئۇنىماي: «مېنىڭ چەتئەلدە ئوقۇيدىغان تالىپلىرىم بار، شۇلار مېنىڭ نامىمدىن تىجارەت قىلىپ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ماڭا دۇرۇس كەلمەيدۇ...» دەپ رەت قىلغان ئىدى.

مەدرىسە دېسە، كۆپلىرىڭلار «يوغان دەرۋازىسى بار، ھەشەمەتلىك قورۇ بولغىيمىدى؟» دەپ قالماڭلار. نەچچە مىڭ تالىپ خوتەندىكى ئاقكۆڭۈل خەلقىمىزنىڭ قورۇلىرىدىكى بىرەر ئېغىز ئۆيلىرىدە ھەقسىز يېتىپ - قوپۇپ، مەمەتئېلى خەلپىتىم، ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم، مۇھەممەد زاكىر ئاخۇن

خەلپىتىم، مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم قاتارلىق خىتاي زىندانلىرىدىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ چىقالىغان ئۆلىمالار تەرىپىدىن ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆيلەرگە جەم بولۇپ دەرس ئالاتتى.

خىتاي ساقچىلىرى چارلاشقا كېلىدىغان ۋاقىتنى بىر قىسىم ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر ساقچىلار مەزكۇر ئۇستازلارغا ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويىدىغان بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا قۇتۇلۇپ قالاتتۇق، بەزىدە تۇتۇلۇپ قالىدىغان چاغلىرىمىزمۇ بولاتتى. خەلپىتىمنىڭ دۆڭباغدىكى ئۆيىنىڭ كەينىدە كىچىككىنە ئېتىزلىقى بار بولۇپ، سەي - كۆكتات تېرىيتتى. بىر يىلدا بىرنەچچە كۈنلا ياردەملىشىپ ئىشلىشىپ بەرسەكلا، چوقۇم ئېسىل تاماقلارنى ئەتكۈزۈپ، غىزالاندۇرماي تۇرۇپ ياتىقىمىزغا قايتقىلى قويمايتتى. كېيىن چۈشەنسەم، بۇ، خەلپىتىمنىڭ تالىپلىرىمنى بىكارغا ئىشلەتمەي، ھەققىنى يېگەن بولۇپ قالماي دېگىنى ئىكەن.

ئۇستازىمىز مەمەتئېلى ئاخۇن خەلپىتىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆلىمالىرى ئىچىدە كەم

تېپىلىدىغان ئۇستازلاردىن بىرى ئىدى. مەرھۇم ئۇستاز (خىتاي تۈرمىسىدىن چىققاندىن كېيىن) پۈتۈن ئۆمرىنى تەلىم - تەربىيە بىلەن ئۆتكۈزەتتى، دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىگە بىرىلمەيتتى. كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ دەرس ئۆتۈش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقتىن، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ دېگەندەكلەرگىمۇ ئاساسەن قاتناشمايتتى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىستىقبالىغا زىيانلىق، قۇرۇق تالاش - تارتىشلارغا؛ مىللەتنىڭ دىققىتىنى بۇرايدىغان، ئايىغى چىقماس تېمىلارغا قەتئىي كىرمەيتتى. ھەتتا 90 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەۋج ئالغان سوپى - ۋاھابىي تەرەپبازلىقىغىمۇ ئارىلىق ساقلايتتى. خەلپىتىمنىڭ ئۇزۇن يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققانلىقىنى ئۇ چاغلاردا بىلمەيدىكەنمەن. بۇنى پەقەت ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىش جەريانىدا قولۇمغا چۈشكەن بىر قوليازمىدىن بىلدىم. تىنىمسىز ۋە خۇپىيانە ھالدا تالىپ تەربىيەلەش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ نىزا - ئىختىلاپلىرىغا ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان بولغاچقا، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىمۇ

خەلىپىتىمنىڭ كىملىكىنى ئاساسەن بىلىپ كەتمەيتتى. بىز خەلىپىتىمنى «ئۇستام» دەپ ئاتايتتۇق. بۇنداق ئاتاش مەلۇم جەھەتتىن مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ ئۆزئارا پاراڭلىرىدىمۇ خەلىپىتىمنىڭ ئىسمىنىڭ تىلغا ئېلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارىلاتتى.

خەلىپىتىمنىڭ مىجەزى ناھايىتى ئېغىر - بېسىق بولۇپ، ئاچچىقلانغان ھالىتىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. تولىمۇ ئاددىي - ساددا تۇرقى، بۇغداي ئۆڭ چىرايى، پاكىز كىيىنىدىغان سىماسى ھېلىھەم كۆز ئالدىمدا. خەلىپىتىم دەرس ھەلقىلىرىدە كاللىدىن ئۆتمەيدىغان غەلىتە سوئاللار سورالسىمۇ، سوئالنى تېرىكمەي ئاڭلايتتى، بىلمىگەنلىرىنى مەن ئىزدىنەي دەيتتى. خەلىپىتىم ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىغا ناھايىتى ئۇستا بولغاچقا، نەھۋى (گىراماتىكا)، سەرف (مورفولوگىيە) ئوقۇيدىغانلار يۇرت - يۇرتلاردىن ئىزدەپ كېلەتتى. خەلىپىتىمدە ئوقۇش ئۈچۈن خوتەننىڭ يىراق - يېقىن ناھىيەلىرىدىنلا

ئەمەس، كورلا، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق ۋىلايەتلەردىمۇ تالىپلار بار بولۇپ، ھەتتا بۆرتالادىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان بىرنەچچە قازاق تالىپلىرىمۇ بار ئىدى.

خەلىپىتىم «تەپسىرى مەنار»نىڭ مۇئەللىپى رەشىد رىزانىڭ، مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە جامالىددىن ئافغانىي قاتارلىقلارنىڭ ئىزدىنىشلىرىنى كۆپ تىلغا ئالاتتى، تارىختىن بۇيان ئىسلام ئەنئەنىسىدىكى غوللۇق ئىككى ئېقىم بولغان رىۋايەت ۋە دىرايەتتىن دىرايەتكە يەنى ئەقلىنى بىرلەمچى دەپ قاراشقا مايىل ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، جەدىتچىلىكنى ياقىلايتتى.

خەلىپىتىم مۆتىدىل يول تۇتقان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى مازارپەرەسلىك ۋە بىدئەتكە قارشى تۇرۇش بايرىقى لەپىلدەپ، مازارغا چوقۇنۇش، مازاردىن مەدەت تىلەش، مېيىتنىڭ كەينىدىن دەۋر - ئىسقات بېرىش، يەتتىسى، قىرىقى، يىلى دېگەندەك نەزىر - چىراغلارنى ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇرۇش مودا بولغان چاغلاردىمۇ بۇ ئىشلارنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، ئاستا خاراكتېرلىك ئىسلاھات ئېلىپ

بىرىش تەرەپدارى ئىدى. ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى شەرھلىگەندە ئەقلىي تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بېرەتتى، دىنىي ئىلىملەر بىلەن پەننىي بىلىملەرنى زىتلاشتۇرمايتتى، دىنىنى دۇنيا مەنپەئىتىگە ئېرىشىشنىڭ قورالى قىلىۋالماسلىقنى تەكىتلەيتتى، ئاددىي - ساددا ۋە دۇرۇس ياشاشنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە نامايان قىلغانىدى.

خەلپىتىم ۋاپات بولغاندا نامىزىغا خوتەن خەلقىدىن ئونمىڭلارچە ئادەم قاتناشقان بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتى خەلپىتىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ كىملىكىنى ئالاھىدە تەكشۈرۈشكە باشلىغان. شەرقىي تۈركىستاندا 1980 - يىللاردىن كېيىن ئىسلام بىلىملىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلارنىڭ كۆپ قىسمى خەلپىتىمدىن بىۋاستە دەرس ئالغان ياكى خەلپىتىمنىڭ تالىپلىرىدىن دەرس ئالغان دېسەك، ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

ئۇستازىمىزغا ئاللاھ رەھمەت قىلغاي! ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي! شاگىرتلىرىنى

خەلپىتىمدىن ئۈلگە ئېلىشقا نېسىپ قىلغاي!

## خەلپىتىمنىڭ ۋاپاتىغا ئوقۇلغان مەرسىيە
## (مەمەتئېلى خەلپىتىمگە)
## كەتتى
## (مۇخەممەس)

(1)

قىلىپ دىللارنى كۆپ مەھزۇن، قەدىرلىك خەلپىتىم كەتتى،
ئۆگەتمەكنى نىشان قىلغان پىداكار ھەزرىتىم كەتتى،
كاتاڭدا ھارۋا سۆرەشكە چىداملىق ئىچ ئېتىم كەتتى،
مائارىپ ئۈلىنى تۇتقان مادارىم، قۇربىتىم كەتتى،
ساداقەتنى شوئار قىلغان جاپالىق خېزىرىم كەتتى.

(2)

يورۇتتى مىڭلىغان دىلنى، مائارىپ مەشئېلى بولدى،
بىلىم ئەھلىنى تەييارلاش مۇرادى، مەھسۇلى بولدى،
زامانمۇ ئاڭا تار كەلدى، جۇدۇنلۇق مەزگىلى بولدى،
تىكەنلىك بولسىمۇ، قەتئىي مېڭىش جان ۋە دىلى بولدى،
بۈيۈك مەقسەتكە يەتمەكتە غۇرۇرۇم، غەيرىتىم كەتتى.

(3)

ئىلىمگە قەلبىدە ھەردەم مۇھەببەت ئۇردى، تاشتى،
ئۇزۇن ئىزدەندى ھارماستىن، داۋاندىن ئاخىرى ئاشتى،
بۇيۇك ئارمانىغا دوستلار ھەم قەدىناسلار ماسلاشتى،
شۇڭا سانسىزلىغان تالىپ دىلىدا ئىلمى ئورناشتى،
مانا قايغۇ پۈتۈن يۇرتقا، تېپىلماس جۇرئىتىم كەتتى.

(4)

نېسىۋە ئىزدىمەي ئەسلا زىرائەت يا تىجارەتتىن،
نەزەرنى قايتۇرۇپ قەتئىي غەرەزلىك بەخت - ئامەتتىن،
دىلىم يىغلايدۇ ئەي دوستلار، شەرەپ ۋە شەۋكىتىم كەتتى.

(5)

زامانلار ھەپسىدە[11] ئۆتتى، گويا باھاردەك ياشلىقى،
قېيىندى ئەمگەك ۋە ئاچلىق ئەسلا يېتىشمەي ئاشلىقى،
پۈكۈلدى قامىتى، قەددى، كەتتى يىگىتلىك شادلىقى،
زۇلۇم دەرۋازىسى ئاچقاچ ئەينى زامانىنىڭ باشلىقى،
يۈرىكى زەرداب، لەختە ۋە پىغانلىق ھەسرىتىم كەتتى.

(6)

پەزىلەت بابىدا كامىل تۇرۇپ، ئەسلا كېرىلمەستىن،
زاماندىن كەلسە شان - شەرەپ ئاڭا قىلچە بېرىلمەستىن،
ئىزىدىن قوپمىدى ئەسلا ئىشى ھەم بېجىرىلمەستىن،
كىچىككە مېھرىبان، چوڭغا تېگىشلىك ھۆرمىتىم كەتتى.

---

11 تۈرمىدە.

(7)

ئۆزىگە چوڭ تەلەپ قويغاچ، نىشانغا ئالمىدى نامنى،
ھاياتى، ئىش - ئىزى جەزمەن كىشىگە ئەسلىتەر شامنى،
يۈرىكى سوقتى ئىرپان دەپ، تىپگىدىن چىڭدىدى تامنى،
يېتەكلەشكە كۆڭۈل بۆلدى، ئىلىم يولىدىكى خامنى.
ئوچۇق يۈز، بەكمۇ مېھماندوست، كۆڭۈل سۆھبىتىم كەتتى.

(8)

قىيىندۇر بىز ئۈچۈن تاپماق بۇنىڭدەك ئىلمى رەھبەرنى،
ھاۋا بىرلە ھېسابلاشماس ئىرادە روھى قەيسەرنى،
تاراتقان ئەلگە ھەر دائىم ئىلمىدىن مىشكى ئەنبەرنى،
ئاجايىپ تۆھپىكار بولغان، تۇتۇپ تۇرمۇشتا كەمتەرنى،
رىزا، ھەق يولىدا ھارماس، سەمىمىي ئۈلپىتىم كەتتى.

(9)

ۋاپاتى بىتۈيۈق[12] بولغاچ، ئىغىر چۆمدۇق مۇسىبەتكە،
ئەكەلدى بۇ خەۋەر ماتەم مۇسۇلمانغا، شەرىئەتكە،
ھايالسىز ھەممە تەن بەردۇق يوللۇقتا، ھەقىقەتكە،
ئېرىشتۇق ئاخىر ئورتاق سەۋرگە ۋە نەسىھەتكە،
ئىلىمنىڭ رولچىسى كەتتى، دەلىلىم، ھۆججىتىم كەتتى.

12 تۇيۇقسىز.



# ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم

(2017–1930)

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم 1930 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىن تارتىپ دىنىي تەلىم - تەربىيە ئېلىشقا باشلىغان. باشلانغۇچ دىنىي بىلىمنى قاراقاشتىكى مەھەللىسىدە ئالغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئۆرلەپ ئوقۇش ئۈچۈن قەشقەرگە بېرىپ، 1950 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە قەشقەر

خانلىق مەدرىسەسىدە ئىمىن مەۋلىۋى ۋە زەينۇلئابىدىن مەۋلىۋى قاتارلىق ئۆلىمالاردا ئوقۇغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆلىمالارنى قاماشقا باشلىغان شۇ يىللاردا ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ تام ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان، تاغىسى مەمتىمىن بۇغرا يازغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتاب چىققانلىقى سەۋەبلىك قەشقەردە نەزەربەندكە ئېلىنىپ، 14 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ۋە جازا مۇددىتىنى خوتەندە ئۆتىگەن. 1974 - يىلى قويۇپ بېرىلگەن ۋە 1979 - يىلى قايتا قولغا ئېلىنىپ، بىر يىلدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. 2001 - يىلى ئوغلى ئابدۇررەئۇف ھاجىم بىلەن بىرگە تۇتۇلۇپ، ئىككى ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن.

خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە 2004 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خوتەن شەھىرىدە كەڭ كۆلەملىك ئاختۇرۇش ۋە تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، 74 ياشلىق ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىمنى تۆتىنچى قېتىم قولغا ئالغان. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ

قىتىم مەخسۇم ھاجىمغا يەتتنە ئوقۇغۇچىغا مەخپىي دەرس ئۆگەتكەن دىگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ، بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان.

مەخسۇم ھاجىم ئاخىرقى قىتىم 2017 - يىلى نويابىردا، 88 يىشىدا يەنە قايتا قولغا ئىلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئائىلىسىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئومۇميۈزلۈك قولغا ئىلىنغان. ئاخىر خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئالىمى بولغان ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىمنى يىشىنىڭ چوڭلۇقىغا پىسەنت قىلماستىن، تۈرمىدە شىھىت قىلىۋەتكەن.

مەخسۇم ھاجىم ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ھاياتىدا 5 قىتىم تۈرمىگە تاشلانغان. ئاخىرقى قىتىم تۈرمىدە شىھىت قىلىنىپ، ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كىيىن ئاران ئائىلىسىگە خەۋەر قىلغان، ئەمما جەسىتى تاپشۇرۇپ بىرىلمىگەن.

مەرھۇم ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ 2015 - يىلى ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ئەرەبچە تەرجىمىھالىنىڭ ئۇيغۇرچىسى تۆۋەندىكىچە:

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ!

ۋەتىنىمدە (تۈرۈپمۇ) غېرىب بولۇۋاتقان، زالىملارنىڭ قەدىمى ئاستىدا خارلىنىۋاتقان، خەلقى ئېچىدىكى مۇناپىقلار ئارىسىدا ئۈچ كۆرۈلۈۋاتقان بۇرادەرلىرى ئابدۇلئەھەد باراتتىن...

ئاللاھتىن بىزگە ۋە ھەرقايسىلىرىغا دۇنيادا ئەزىزلىك، ئاخىرەتتە نىجاتلىق، دۈشمەنلەرنىڭ خارلىشىدىن ساقلىشىنى تىلەيمىز. ئۆزلىرىمۇ ئاڭلىغان بولۇشلىرى مۇمكىن، مەن 1958 - يىلى 27 ياش ۋاقتىمدا «تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇدۇڭ، مەدرىسەدىكى دەرسلىرىڭگە قاتناشقانلارغا يەتكۈزدۈڭ» دېگەن تۆھمەتلەر بىلەن تۈرمىگە سولاندىم؛ تۈرمىدىكى 14 يىل جەريانىدا ئىنتايىن ئېغىر ئىشلارغا سېلىندىم؛ چىدىغۇسىز

ئاچلىق، داۋاملىق قىيناش ۋە خورلاشلارغا ئۇچرىدىم. ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا (قەتئىي) ئىمكانىيىتىم بولمىدى. ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتى 14 يىللىق قاماق مۇددىتىم توشقاندىن كېيىنمۇ مېنى قويۇۋەتمەي، داۋاملىق خورلىدى ۋە ئىنتايىن ئېغىر ئىشلارغا سېلىشنى داۋاملاشتۇردى. بۇنىڭغا چىدىماي تۈرمىدىن قېچىپ، يوشۇرۇنچە يۇرتۇمغا كەلدىم. بۇرادەرلىرىمنىڭ ئۆيلىرىدە، بىرىنىڭ ئۆيىدىن يەنە بىرىنىڭ ئۆيىگە يۆتكىلىپ يۈرۈپ، ئىنتايىن قىينىلىپ، 8 يىل يوشۇرۇنۇپ يۈردۈم. كېيىن كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تۇرۇشۇم تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى. دۈشمەنلەرنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن خاتىرجەم بولالماي، تاغ - داللارغا چىقىپ كېتىپ، قۇرۇلۇش - بىناكارلىق ئىشلىرىنى قىلىدىغانلار ئارىسىدا ئېغىر ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈم. يىگىرمە يىلدىن كېيىن ئاللاھ زالىملارنىڭ چوڭىنىڭ جېنىنى ئالدى. خىتايدىكى كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىتى بىرئاز ئۆزگىرىپ، ئوچۇق - ئاشكارا يۈرەلەيدىغان بولدۇم، ئانام ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم

بىلەن دىدارلاشتىم، يېزىدا بىرنەچچە يىل دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندىم. ئاللاھ ماڭا كىچىك بالىلارغا ۋە باشقىلارغا دەرس ئۆگىتىش شارائىتى يارىتىپ بەردى. دەرس ئۆگىتىش ئىشلىرىنى 18 يىل داۋاملاشتۇردۇم. 2004 - يىلىغا كەلگەندە، زالىملارنىڭ ساقچىلىرى مېنى دەرس ئۆگىتىۋاتقان چېغىمدا تۇتۇۋېلىپ، سولاپ قويدى. مېنى «قۇرئان ئوقۇدۇڭ، بالىلارغا قۇرئان ئۆگەتتىڭ، جىھاد توغرىسىدا سۆزلىدىڭ، مۇنداق - مۇنداق گەپلەرنى قىلدىڭ، بۇ يۇرتتىكى ھاكىمىيىتىمىزنى ئاغدۇرۇشقا تەشۋىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندىڭ...» دېگەندەك نۇرغۇنلىغان تۆھمەتلەر بىلەن قارىلاپ، بەش يىللىق ئۆي كەستى، مېنى يۇرتۇمدىن ئەڭ يىراق جايدىكى بىر تۈرمىگە يۆتكىدى، ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەردىن پۈتۈنلەي چەكلىدى ھەتتا ئاللاھنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن تىلىمنى مىدىرلىتىشقىمۇ، ئىشارەت قىلىشقىمۇ پۇرسەت بەرمىدى، ھەر كۈنى مېنى خورلاپ، دىنىمىزنى ھاقارەتلىدى ۋە ئەيىبلىدى، تارىخىمىزنى بۇرمىلىدى، بىزنىڭ ئەزەلدىن خىتاينىڭ بىر قىسمى

ئىكەنلىكىمىزنى ۋە ئەبەدىلئەبەد شۇنداق بولىدىغانلىقىمىزنى بىلجىرلاشتى، كېچە - كۈندۈز زالىملارنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىدى. ئاخىر بەش يىل توشۇپ تۈرمىدىن چىققانمۇ بولدۇم، لېكىن تا ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياشاۋاتىمەن. خەلقىمىز ئارىسىدا دەرس ئۆگىتىش ۋە تەبلىغ قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا رۇخسەت قىلىنمىدى.

قانداقلا بولمىسۇن، ئاللاھقا شۈكرى، يۇرتىمىزدا مەيلى شەھەردە بولسۇن ياكى يېزا - قىشلاقلاردا بولسۇن، كىچىك باللارغا دىن ئۆگىتىش ئىشلىرى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. بۇ ئىشلار ئىشپىيونلاردىن ئېھتىيات قىلغان ئاساستا كۆپىنچە، كېچىلىرى ئۆيلەردە، بەزى ياش ئۇستازلارنىڭ غەيرىتى بىلەن يۇرت مەھەللىلەردە داۋاملاشتۇرۇلدى. دىنىي يەتكۈزۈش ۋە ئۆگىتىش ئىشلىرى زالىملار خالىمىسىمۇ، تارقاق ھالەتتە ئۆيلەردە قىلىش توختاپ قالمىدى».

ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم خىتاي

زىندانلىرىدا 14 يىل يېتىپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، خوتەندە تالىپ ئوقۇتۇشقا كىرىشكەن ۋە 1980 - يىللىرى خىتاينىڭ نىسپىي ھالدا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش نامىدىكى سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ ھەجگە چىقىپ، قايتىشىدا تۈركىيەدە ئىككى يېرىم يىلدەك تۇرۇپ قالغان. تۈركىيەدە ئۆز خەلقىدىن ئايرىم ياشاپ بېقىپ، ئاخىر ۋەتەنگە قايتىپ، شۇ يەردە كۆرەش قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇپ يەتكەچكە، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەتكەن ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزى تاللىغان يولدىن داجىماي، دىنىي تەلىم - تەربىيە بىلەن شۇغۇللانغان، پۇرسەت تاپسىلا تالىپلارغا دەرس بەرگەن.

دەرس ئۆتۈش جەريانىدا فىرئەۋن ھاكىمىيىتى بىلەن خىتاي ھاكىمىيىتىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەھۋالىنى بەنى ئىسرائىلغا ئوخشىتىپ، ساترا ۋە كىنايە ئۇسۇلى بىلەن خىتاي جاھانگىرلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىدىيەسىنى تەرغىپ قىلغان. مەرھۇم ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم دەرس

ھەلقىلىرىدە تېمىنى خىتايىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئېزىۋاتقانلىقىغا ئېلىپ كىرىپ، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى شەرھلىگەندە ناھايىتى جانلىق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھلەيتتى. مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ زۇلۇملىرىنى خىتاي ھاكىمىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇرلارغا سېلىشتۇرۇپ يورۇتۇپ بېرەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەينى چاغدا مەسچىتلەرنى ئوچۇق قويۇشنى زاكو ئېتىۋېلىنغان قۇرۇق ئۆستەڭگە ئوخشىتاتتى.

مەخسۇم ھاجىم تالىپلارنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ماقالە يېزىشقا ۋە ئوقۇغان دەرسلەردىن ئۇيغۇرچە ئانا تىلىدا كونسپېك يېزىپ مېڭىشقا تەۋسىيە قىلاتتى. مەخسۇم ھاجىم تۈركىيەدە تۇرغان ۋاقتىدا ئىمام نەۋەۋىنىڭ «قىرىق ھەدىس» ناملىق ئەسىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ئىكەن. كېيىنچە «روھۇددىينىل ئىسلامىي» ناملىق ئەسەرنىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بولۇپ، بۇ تەرجىمە ئەسىرىمۇ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

مەخسۇم ھاجىم ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىككى

دۇنيالىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىپ، ھەجدىن قايتىشىدا بىرنەچچە يىل تۈركىيەدە ياشىغاندىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا مۇنۇ شېئىرنى يېزىپ قالدۇرغان:

## ھەسرىتىم

ھۆر ۋەتەن تۈركىيەدىن ئايرىلمىقىم ھەسرىتىم،
گەر قىزىللار زۇلۇم قىلسا، باشتا باردۇر كۆلپىتىم.

ۋالىدەم، ئەۋلادى قارداش ناتىۋانلار بولمىسا،
قايتماس ئەردىم، ھۆر ۋەتەندىن تاپىلۇردى ئۈلپىتىم.

ئانا يۇرتۇم قالدى زۇلمەت ئاسارەتنىڭ ئاستىدا،
مىللىتىمنىڭ خورلۇقىغا ئەسلا يوقتۇر تاقىتىم.

ئانىسىز بىچارە مىللەت ئىلىمدىن بەكمۇ يىراق،
چاھارپايدەك زۇلۇم تارتار ھەر كۈنى نەچچە قېتىم.

گەرچە مەن چىن دۈشمىنى، رەھمەيلىمەس[13] چىنلەر ماڭا،
مىللىتىمدىن ئايرىلىپ، قىلچە كۆرۈنمەس راھىتىم.

---

13 رەھىم قىلماس.

ھەر كۈنى تەھدىت ئىچرە ئۆتسىمۇ كۈنلەر ماڭا،
مىللىتىمگە بىر ئېغىز ئىلىم ئۆگەتمەك تائىتىم.

مىللىتىمدىن بىرسىگە گەر ئاڭلىتالىسام تارىخ،
دوستىنى دوست، دۈشمەننى دۈشمەن تونۇسا سائادىتىم.

مىللىتىمنىڭ بالىلىرى دىن - مىللىتىنى تونۇماي،
دۈشمىنىچۈن ئىشلىسە، دائىم بولۇر بۇ زىللىتىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتقا كىرگەندەك كىرىپ مىللەت ئارا،
بىر تىنىق دىنىمغا خىزمەت ئەيلىسەم، يوق ھەسرىتىم.

قامىسا، ئۆلتۈرسە دۈشمەن مەنغىنە يالغۇز ئەمەس،
شۇھەدالەرگە[14] قوشۇلسام، ھەل بولۇر چوڭ نىيىتىم.

مۇندا تۇرسام، يۇرتۇم ئۈچۈن نە قىلارمەن بىلمىدىم،
«يالغۇز ئاتىنىڭ چىڭى چىقماس» دەپتىكەن ئۇ مىللىتىم.

سودىگەرلەر پۇل ئىلە، بىرمۇنچىلەر تۇرمۇش ئىلە،
بۇ مۇساپىرلەر تارالمىش ھەربىرى گويا يېتىم.

---

14 شېھىتلار.

بولمىسا بىرلىك سىپى، ئاۋارە بولسا نەفس ئىلە،
مىللىتىمنىڭ خورلۇقى قالغاي زامانلار شۇ پېتىم.

مۆھتەرەم تۇغقانلىرىم، ئاكىلىرىم، ئۇستازلىرىم،
ئىتتىپاق بولساڭلا شايەد[15] خۇش بولۇردى بۇ يېتىم.

ئىتتىپاقسىز ھۆررىيەت ھاسىل قىلالىغان قايسى ئەل،
ئىككى يىپ بىرلەشسە، كۈچ ھاسىل قىلۇر يەنە بىر قېتىم.

ئىلىملىكلەر دەۋەت ئەتسە ئىشلىمەككە بارچىنى،
قىلسىلەر دەۋا - شىكايەت، نە ئولۇردى كۆپ قېتىم.

تۈركىيە، مەككە ۋە سائىر[16] ئەھلى ھىجرەت بىرلىشىپ،
قىلسىلەر دۇنياغا دەۋا خۇش بولۇردى ھەزرىتىم.

قىلدىلەر كۆپ سەئىيلەر قالماق ئۈچۈن دالاي لاما،
تاشلىماي كىشىنى يالغۇز، دەستەك ئولسۇن مىللىتىم.

ئاكىلار ئۇكاسىنى، ئەركەكلەر ئايالىنى باشقۇرۇپ،
ۋەزنىسىز گەپلەرگە باقماي، بىرلىشىشتە ئىززىتىم.
سۆز بىلەن، يازماق بىلەن، تارىخنى ئاڭلاتماق بىلەن،
ھۆر جاھاندا سەئيى قىلساق، بىر كېلۇر چوڭ پۇرسىتىم.

---

15 ئەگەر.

16 باشقا، ھەممە.

بىر كىشىنىڭ كۆڭگە بىر - ئىككى نان بەلكى يېتەر،
ئاللۇ - پۇللۇ ئەيشۇنەفس قۇربانى بولماق ھەسرىتىم.

يازغا قىش، كۈندۈزگە شەب، دۇنياغا ئۇخرا جەزمى بار،
مەڭگۇ بولماس راھىتى دۇنيا، چالىش[17]، تاپ جەننىتىم.

ھېچنېمە ئۆزىچە بار بولماس، ياراتقان تەڭرى بار،
نە ئۇچۇن ياراتتى باق، سورىماسمۇ رەببۇلئىززىتىم.

بويسۇنۇپ ئاللاھقا ھەم ئول ئۇچۇن قىلغان كۈرەش،
ئىككى ئالەمدە ئەزىز بولماسمۇ، ئويلا ئۇممىتىم.

مەرھۇم ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم بۇ شېئىر ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا نېمە ئۈچۈن قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە مىللىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇم ۋە جاھالەتنى قامچىلىغان.

17 تىرىشقىن.

# مەرھۇمنىڭ تۈرمىدە يازغان يەنە بىر شېئىرى

تۈرمىدە ياتماق بۆگۈن بىزلەرگە بىر مىراس ئەمەس،
ئول ياراتقان تەڭرىمىز بىزنىڭنىنە ياتسۇن دېمەس.

بىر كۈنى قوزغالسا مىللەت، ھەممە بىردەك ئويغىنىپ،
بۇ ۋەتەن خائىنلىرىغا بۇ زېمىن بولغاي قەپەس.

مىڭلىغانلار ياتتى ناھەق تۈرمىدە مەھبۇس بولۇپ،
دىن، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن دىللىرى غەمگە تولۇپ.

ئول ئۆزى تەختكە چىقىپ، ناھەق زۇلۇم قىلغانلىچۇ؟
خەلقئارادا ئەيىبلىنىۇر ۋىجدانى يوق ئول كۆڭلى پەس.

«ئىنقىلابقا قارشى» دەپ تۆھمەت يېپىنى تېز ئۇلاپ،
كۆپلىگەن ئاخۇن - زىيالىيلارنى ھەم ناھەق سولاپ.

باشلىرىغا مىخ قېقىپ، بىرنەچچىگە ئورا كولاپ،
بىگۇناھ خەلقىمنى كۆپ ئۆلتۈردى جاللات كۆڭلى پەس.

ئەي قەلەم! يازغىن، بۇلار قىلمىشىدىن بىر - بىر ئال ھېساب،
چۈنكى، ناھەق ھەممىمىزگە يىللار بويى سالدى ئازاب.

قورقۇتۇپ بىر قىسمىنى، بىر قىسمىنى ئالداپ - سىلاپ،
بىرى بۆرە، بىرى تۈلكە، قارغا - قۇزغۇن ھەمنەپەس.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم بىر كۈنى شامالباغدىكى ئوغلى ئابدۇررەئۇف ھاجىمنىڭ قورۇسىدا «روھۇددىينىل ئىسلامىي» ناملىق كىتابتىن دەرس بېرىۋېتىپ، تۈركىيەدە تۇرغان چاغلىرىدا ئاللاھ تائالادىن ۋەتەنگە قايتىپ تالىپ ئوقۇتۇشقا نېسىپ قىلىشىنى تىلىگەنلىكىنى ۋە بۇ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىدى.

مەخسۇم ھاجىم ناھايىتى ئوچۇق چىراي، خۇش چاقچاق كىشى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدا ئوقۇۋاتقان تالىپلار تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» ناملىق

ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئەسىرىنى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن»، مۇھەممەت شانىيازنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە يازغان «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، مىسىرلىق ئېھسان ئابدۇلقۇددۇسنىڭ «يىگىت دېگەن شۇنداق بولسا» ناملىق كىتابلىرىنى قولدىن - قولغا ئېلىپ ئوقۇيتتى. پېقىرمۇ مەزكۇر كىتابلارنى شۇ مەزگىللەردە ئوقۇپ چىققان ئىدىم.

## ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئۇزۇم پەتىۋاسى

1990 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىلىرىدە شەرقىي تۈركىستانلىق بىر قىسىم ئىگىلىك تىكلىگۈچى ئۇيغۇرلار خىتايدىكى گۇۋاڭجۇ ۋە شىنجىنلارغا بېرىپ، تېلېۋىزور ئېلىم - سېتىم ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان ئىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈزۈمىنى خىتاينىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىگە ئاپىرىپ، پارچە ساتىدىغان بىر سودا تۈرىمۇ بارلىققا كەلدى.

1993 - يىلى خوتەندىن 20 كىشىلىك

بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇر ئۆزئارا تەشكىللىنىپ، گۇۋاڭجۇغا ئۇزۇم ئاپىرىدىغان بولۇپ يولغا چىقتۇق. پېقىرمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدىم. بىز تۇرپاننىڭ شەھەر مەركىزىدىكى ئۇزۇم بازىرىنىڭ يېنىغا جايلاشقان مەلۇم بىر مېهمانخانىغا چۈشكەن ئىدۇق. بىر كېچىسى خىتاي ساقچىلىرى باستۇرۇپ كىرىپ، «ئاراڭلاردا قاراقاشلىق بارمۇ؟» دەپ بىر - بىرلەپ سۈرۈشتۈرۈپ چىقتى. قېشىمىز قارا بولغىنى بىلەن، ھېچبىرىمىز قاراقاشتىن ئەمەس ئىكەنمىز، شۇڭا ئامان قالدۇق. ئۇ چاغلاردا ئىش چىقىرىدىغان ياشلار ئەڭ كۆپ قاراقاشتىن چىقىدىكەنتۇق، شۇڭا خىتاينىڭ نۇقتىلىق ئوبيېكتى قاراقاشلىق ياشلار بولۇپ قالغانىكەن.

بىز تۇرپانغا بارغان ۋاقىت ئاۋغۇست ئېيى بولۇپ، بۇ دەل تۇرپاندىكى ئۇزۇم بايرىمى مەزگىلى ئىكەن. تۇرپانغا بېرىپ، يېزىمۇيېزا قاتراپ يۈرۈپ، تاغارلاپ ئۇزۇم سېتىۋېلىشقا باشلىدۇق. يىغىلغان نەچچە توننا ئۇزۇمنى ئالدىن پۇلىنى تۆلەپ ئامانەت قويغان ئۆيلەردىن ماشىنىغا قاچىلاپ، تۇرپانغا

بىرنەچچە ئون كىلومېتىر كېلىدىغان داخىيەن پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىراتتۇق. بىز كىرالىغان ۋاگونغا ئۈزۈمنى باسىدىغان خىتايلار پۇل بەرمىسەك، ۋاگوننى توشقۇزمايلا ئېتىۋېلىپ خاپا سالاتتى. شۇ يىلى قىش پەسلىدە تۇرپاندىن ئىككى قېتىم سالغان ئۈزۈمنى گۇۋاڭجۇغا ئاپىرىپ سېتىپ، خېلى ياخشى پۇل تاپقان ئىدۇق.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈزۈم ۋە قوغۇنلىرى ئۇ چاغلاردا خىتاينىڭ چوڭ شىركەتلىرىنىڭ قولىغا ئۆتمىگەن چاغلار بولسا كېرەك، بىشىمىزدا ئۇيغۇر دوپپىسى بولغاچقا، خىتايلار چىۋىندەك ئولىشىۋېلىپ، گىراملاپ ئالىدىغان ئۈزۈملەردىن ھەر كۈنى بىرەر تاغار ئۈزۈم تۈگەيتتى.

ئەمدى بۇ يازمىنىڭ پوسكاللىسىغا كەلسەك، خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىنى خوتەندە «كۆلىي» دەپ خىتايچىلا ئاتايدىكەنمىز. ئارىمىزدا «كۆلىيغا ئۈزۈم ئەكىرىپ سېتىش دىنىي نۇقتىدىن جائىزمۇ - ئەمەسمۇ؟» دېگەن مەسىلە مۇنازىرە قىلىنىشقا باشلىدى. ئۈزۈمچىلىك قىلىپ بېيىپ،

ئىسلام ئەللىرىگە نەچچە رەت چىقىپ كەلگەن هاجىملار بۇ مەسىلىنى سەئۇدىي ئەرەبىستان، تۈركىيە ۋە پاكىستاندىكى ئۆلىمالاردىن سوراپ، بۇ هەقتە «توغرا» دېگەن جاۋابنىمۇ ئالغان ئىكەن. «خىتايغا ئۇزۇم ساتسا جائىزمۇ؟» دېگەن سوئالنى هەرقانداق ئۆلىمادىن سورىسا، ئەلۋەتتە «جائىز» دەيدۇ - دە.

ئەمما، مەرھۇم ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم هاجىم بۇ مەسىلىدە قەتئىي پوزىتسىيە بىلدۇرۇپ: «خىتايغا ئۇزۇم سېتىش هارام» دەپ چىڭ تۇرۇۋالاتتى ۋە سەۋەبىنى مۇنداق ئىزاهلايتتى: «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇزۇمىنى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە ئاپىرىپ سېتىش ماھىيەتتە شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ باقمىغان خىتايلارنىڭمۇ ئۇزۇمگە ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ، شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشىگە تەلپۈندۈرىدىغان، قىزىقتۇرىدىغان تەشۋىقات رولىنى ئوينايدۇ. شەرقىي تۈركىستانغا كېلەلىگەن خىتايلارغۇ ئۈيغۇرنىڭ ئۇزۇمىگە ئىشتىھا تېگىدۇ. بۇ ئىش شەرقىي تۈركىستانغا كېلەلمىگەنلىرىنىڭمۇ

ئۇزۇمدىن بەھرىمەن بولسۇن دەپ ئالدىغا ئاپارغانلىق بولىدۇ. دۇنيادا ھەممە ئۆلىما ‹خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە شەرقىي تۈركىستاندىن ئۈزۈم ئاپىرىپ سېتىش توغرا› دەپ پەتىۋا بەرگەن تەقدىردىمۇ، مەن بۇ ئىشنى زىنھار توغرا دەپ قارىمايمەن».

مىللىي ئېڭى ۋە سەزگۈرلۈكى ناھايىتى يۇقىرى بولغان مەرھۇم ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇمنىڭ يۇقىرىقى پەتىۋاسىنى دىنىي ئەھكام ۋە ئادەتتىكى سودىگەرچىلىك مەنتىقىسىگە سالساق، كۆلكىلىك تۇيۇلغان بىلەن، بۇ گەپ ئۇبدان ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغان. مەخسۇم ھاجىمنىڭ دەرس ھەلقىلىرىدە يېپىق، ئەمما پەلسەپىۋى سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلايتتۇق. قۇرئان كەرىمدىكى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئىككىلەننىڭ جېدىلىنى ئايرىش جەريانىدا پىرئەۋن مىللىتىگە تەۋە بىر كىشىنى بىخەستەلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغان قىسسىسىنى «مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر خىتاينى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ قېچىپ كەتكەن» دەپ ئاڭلاتقىنى پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

مەرھۇم ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇمنىڭ خوتەن شەھەر ئوتتۇن بازىرىنىڭ شەرقىگىرەك جايلاشقان ئۆيىنى سالغاندا، ساۋاق ئالغىلى بارغاچ بىرنەچچە كۈن ياردەملەشكەن ئىدىم. غىزالىنىدىغان چاغدا ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇمنىڭ شۇ چاغلاردا ئالاھەزەل 90 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان ئانىسى بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ قالدۇق. مەن ئۇ نۇر يۈزلۈك ئانىنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىشىم ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئانىمىز «خىتايلارنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلىۋېتىشىمىز كېرەك...» دېگەن مەزمۇندا بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلغان ئىدى. مەن ئۇ مومىمىزنىڭ مەشھۇر پېشىۋا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرىتىمنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى ئۇ چاغلاردا بىلمەيتتىم. كېيىن ئۇققىنىمدا ئۇ مۇبارەك ئانا ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ پېشىۋالىرىدىن بىرىگە قالغان تەۋەررۈك ئىكەن.



# ئابدۇررەئۇف مەخسۇم

(2021–1959)

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئوغلى ئابدۇررەئۇف مەخسۇم 1959 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق قاراقاش ناھىيەسى داراسكال يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى زۇلۇم ئەۋجگە چىقىپ، ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى زۇلمەتلىك ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ دىنىي ئىلىملەرنى ئاساسەن دادىسىدا ئوقۇغان. دادىسى ئابدۇلئەھەدخان

مەخسۇمنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ئابدۇررەئۇف هاجىم گەرچە بەك يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماي، ئۆمرىنى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا ئاتىغان، قەيسەر ۋە پىداكار ئۇستازلاردىن بىرى بولۇپ، خىتاي هۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1993 - يىلىدىن بېرى خوتەننىڭ سىرتىغا چىقىشى چەكلەنگەن.

ئۇ 2015 - يىلى تۇتقۇن قىلىنىپ، ئالتە ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. 2017 - يىلى يەنە قايتا تۇتقۇن قىلىنىپ، 10 يىللىق قاماق جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، 63 يېشىدا تۈرمىدە شېھىت قىلىنىپ، جەسىتى ئائىلىسىگە بېرىلگەن بولسىمۇ، نامىزى ئوقۇلۇپ دەپنە قىلىنىشتىن مەھرۇم قىلىنغان. تۈركىيەدىكى تۇغقانلىرى ئۇنىڭ خىتاي تۈرمىسىدە شېھىت قىلىنغانلىقىدىن 2021 - يىلى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خەۋەر تاپقان.

# خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ۋەزىرى مۇھەممەد قاسىم داموللام

(1985–1907)

ئابدۇجېلىل تۇران

يېتىشكەن ئالىم، تالانتلىق شائىر مۇھەممەد قاسىم داموللام (تەخەللۇسى ھەسرەتى) مۇھەممەد سىددىق ئىبنى ئەمىن قارى ئەلەم ئاخۇنۇم قاراقاشىينىڭ ئوغلى بولۇپ، بوۋىسى ئەمىن قارى ئەلەم ئاخۇنۇم ئەينى زاماندىكى خوتەننىڭ داڭلىق ئۆلىمالىرىدىن بىرى. ئۇ كىشىنىڭ قولىدا نەچچە يۈزلىگەن تالىپلار ئوقۇپ، يېتىشىپ چىققان.

مۇھەممەد قاسىم داموللام 1907 ـ يىلى (ھىجرىيە 1325 ـ يىلى) خوتەننىڭ قاراقاش دەرياسى بويىغا جايلاشقان جاغىلىغا كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئالدى بىلەن چوڭ ئانىسى نەبىرە خېنىمنىڭ تەربىيەسىدە بولۇپ،

كېيىن يەتتە يېشىدا قاراقاشقا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىلگەن. بۇ جەرياندا ئۇ مۇتەسەۋۋىپ ئەلى مەردان ھەزرەت دېگەن كىشىنىڭ تۇرتكىسىدە مەلۇم دەرىجىدە تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

1925 ـ يىلى تاغىسىنىڭ قىزى رۇقىيە خېنىمغا ئۆيلەنگەن، بىراق بىر يىلدىن كېيىن شائىرنىڭ بۇ قەلب سىردىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ۋاپادار ھەمراھىدىن تۇيۇقسىز ئايرىلىپ قېلىشتەك ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان شائىر يۇرتىنى تاشلاپ قەشقەرگە چىقىپ كەتكەن.

شائىر قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، كونا شەھەردىكى چاھارسۇ مەدرىسەسىگە ئورۇنلىشىپ، شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىمالىرىدىن مەھمۇت ئاخۇن داموللام، ھاشىم ئاخۇن داموللام ۋە شەمسىدىن داموللام قاتارلىقلارنىڭ قولىدا ئۇقۇپ دىنىي بىلىمىنى بېيىتقان، قەشقەردىكى مەدرىسەدە ئەمىر نۇر ئەمەتخان بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇغان. شائىرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى

شۇ جەرياندا باشلانغان بولۇپ، شائىر بۇنىڭغا نۇر ئەمەتخاننىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە شېئىر ئىلمىنى شۇ كىشىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

ماڭا رەھبەر ئىدى ھەر ئىشتا ئول يار،
ئانىڭدىن ھاسىل ئەتتىم ئىلمى ئەشئار.

شائىر قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن مەرھۇم مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا (ئەينى زاماندا مۇھەممەد ئىمىن داموللام، مۇھەممەد ئىمىن ھەزرىتىم دەپمۇ ئاتىلاتتى) 1922 - يىللىرى مەدرىسە تەھسىلىنى پۈتتۈرۈپ، قاراقاش ئويباغ مەدرىسەسىگە مۇدەررىس بولغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن تالىپلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ تەقدىرىدىن قايغۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇپ، خەلقنى ئازاد قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ

ھەمدە ئوخشاش پىكىردىكى كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، پىكىر ئالماشتۇرىدۇ ۋە مەسلىھەتلىشىدۇ. بولۇپمۇ غۇلجىدا ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ۋە سىياسىي ئەرباب سابىت داموللام بىلەن تونۇشۇپ، بۇ كىشى بىلەن مەلۇم مەسىلىلەردە بىر قارارغا كېلىدۇ. نەتىجىدە، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا خوتەنگە، سابىت داموللام چەتئەلگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا خوتەنگە يېتىپ كېلىپلا تەشكىلات قۇرۇش ئىشىغا كىرىشىدۇ ۋە مەلۇم ھازىرلىقلارنى پۈتتۈرىدۇ. خوتەننىڭ شۇ چاغدىكى ئېغىر ۋەزىيىتىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ روھىي ھالىتىنى ۋە قوراللىق ئىنقىلابنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغانلار سەرخىللار قاتلىمىدىكى ئۆلىمالار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، 1932 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ مۇھەممەد ئىمىن داموللام (بۇغرا) تەشكىلات قۇرۇش ئىشىنى باشلىۋېتىدۇ، بۇ ئارىدا سابىت داموللامۇ ئالدىن كېلىشىۋالغىنى بويىچە چەتئەلدىن ئۇدۇل خوتەنگە كېلىپ، مۇھەممەد ئىمىن

بۇغرا بىلەن ئۇچرىشىدۇ. تەييارلىقلار بىر قاتار پۇتكەندىن كېيىن، 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تەشكىلات ئەزالىرى ۋەكىللەر مەجلىسى ئېچىپ، مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنى رەئىس سايلاپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا باش قوماندان بولۇپ، پۈتۈن ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئەسكىري كۈچ تەشكىللەش، ئۇرۇش پىلانى تۈزۈش ۋە ئەسكەرلەرنى قوراللاندۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. سابىت داموللام باش مەسلىھەتچى، دىنىي ئىشلار پېشۋاسى يەنى شەيخۇلئىسلام بولۇپ، مائارىپ، ئەدلىيە، ۋەز ـ تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھازىرقى ۋەزىيەت ھەققىدە سۆز قىلىپ، يۇرت ئىچىدە زۇلۇم ۋە ئېزىشلەرنىڭ چەكتىن ئاشقانلىقى، بۇنىڭغا قارىتا خەلقنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنىڭمۇ كۈچىيىۋاتقانلىقى، چىرىك ھۆكۈمەتنىڭ بارغانسېرى ۋەھشىيلىشىۋاتقانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن

قوزغىلاڭنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇجاھىدلارنى ئىشەنچكە ئىگە قىلىدۇ. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەجلىس ئاخىرلىشىدۇ ۋە خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسى تىكلىنىدۇ.

تەشكىلات قۇرۇلۇپ، ھەممە ھازىرلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مۇھەممەد ئىمىن داموللام باشچىلىقىدا 68 كىشى قاراقاش دوتەيي يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىپ، شۇ كۈنى قاراقاشنى پەتھى قىلىدۇ. ئارقا ـ ئارقىدىن باشقا ناھىيەلەر پەتھى بولۇپ، نىيىدىن ياركەندكە قەدەر بولغان جايلار خوتەن ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولىدۇ. بۇ ھۆكۈمەت تارىختا «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇھەممەد قاسىم داموللام قاراقاشتا جىھاد ھەرىكىتى باشلانغانلىقىنى ئاڭلاپلا ئوقۇشنى توختىتىپ، دەرھال قاراقاشقا يېتىپ كېلىپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرىتىم، سابىت داموللام، سىبغەتۇللاھ مەۋلەۋى،

ھىجرىيە 1358 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم (مەلىك ھەزرىتىم)، شاھ مەنسۇر، ئەمىر ساھىب (نۇر ئەمەتخان) قاتارلىقلارنىڭ سىپىگە قوشۇلۇپ، ئاكتىپ ھالدا جىھادقا ئىشتىراك قىلىدۇ ۋە خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ۋەزىرى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. بۇ ھۆكۈمەت 1934 ـ يىلى تۇڭگانلار تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 7 ـ ئايدا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھىندىستانغا ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن خىتاي ھاكىمىيىتى بىلەن ۋە مۇناپىق تۇڭگانلار بىلەن ئاخىرىغىچە ئېلىشىدۇ. 1934 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يېڭى ھىسار (يېڭىسار) دا تۇڭگانلار بىلەن بولغان جەڭدە ئىككى ئىنىسى ئەمىر ئابدۇللاھ ۋە ئەمىر نۇر ئەمەتلەردىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن ھۆكۈمىتى قۇمۇل مىللىي ئىنقىلابى رەھبىرى خوجا نىياز

ھاجىمغا ئەسكىرىي ۋە ماددىي ياردەم بېرىشنى ھەمدە كاشىغەر يېڭى شەھەردىكى ماجەنسا باشچىلىقىدىكى تۇڭگانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن كاشىغەر ھۆكۈمىتىگە ياردەم قىلىشنى زىممىسىگە يۈكلەنگەن مىللىي ۋەزىپە دەپ بىلىپ، ئىنقىلاب رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننى تولۇق ئازاد قىلغاندىن كېيىن، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنە 1933 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خوتەن ھۆكۈمىتى خوجا نىياز ھاجىمغا بىر ھەيئەت ئەۋەتىپ، ئۇنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەئىسى دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىنى رەسمىي بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش ئۈچۈن، مەزكۇر ھەيئەت ئارقىلىق 200 سەر ئالتۇن (يەتتە كىلو ئىككى يۈز گىرام ساپ ئالتۇن) ئەۋەتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن ھۆكۈمىتى چەتئەللەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇ ھەقتە ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە تۇتقان

بىتەرەپ تۇرۇش سىياسىتىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن، قۇربانىللاھ داموللام ۋە مىيان ھەسەنخانلارنى خوتەن ھۆكۈمىتى نامىدىن غەيرى رەسمىي ھەيئەت سۈپىتىدە ئافغانىستانغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئافغانىستانغا بېرىپ، ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان بولسىمۇ، ئۇلار بىرەر جاۋاب ئېلىپ قايتقۇچە خوتەن ھۆكۈمىتى يىقىلىپ، ئارقىدىن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرامۇ مەركىزى ھەيئەتنىڭ كەينىدىن ئافغانىستانغا بېرىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بەخت ـ سائادەتكە، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ، دۈشمەنگە قارشى جىھاد ھەرىكىتىنى باشلاپ، دەسلەپكى قەدەمدە خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ، ئاندىن قۇمۇل، تۇرپان، كاشغەر ۋە باشقا جايلاردىكى مىللىي ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلىشىپ

پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ قەدىمىنى باسىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ بۇ ھەرىكىتى پەقەت مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق ھەرىكىتى ئىدى.

شائىر مۇھەممەد قاسىم دامولالامۇ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ كەشمىرگە كېلىدۇ ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ شائىرنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتى باشلىنىدۇ. كەشمىرگە كەلگەندىن كېيىن، تاكى 1942 - يىلى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەنجىنگغا كەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ بىلەن كەشمىردە بىرگە ھەرىكەت قىلىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەنجىڭغا كەتكەندىن كېيىن، ئۇ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، كېچە - كۈندۈز خەلقنىڭ خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ ۋە 1949 - يىلى قىزىل خىتاي كوممۇنىست ئارمىيەسى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىلىش ئالدىدا ئىككىنچى قېتىم ۋەتەندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان مۇھەممەد ئىمىن

بۇغرا ۋە ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن قاتارلىق يۈزلىگەن كىشىلەرنى كەشمىردە كۈتۈۋالىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قاتارلىق كىشىلەر ئىككىنچى قېتىم كەشمىرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەد قاسىم داموللام مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرىتىم بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، كېچە ـ كۈندۈز ۋەتەن دەۋاسى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

شائىر بۇ مەزگىلدە ۋەتەنگە بولغان ساپ مۇھەببىتى ۋە خالىس ئېتىقادىنى كۈيلەپ كۆپلىگەن شېئىر ۋە قەسىدىلەرنى يېزىپ، «نىجات يولى» دىگەن كىتابنى تۈزۈپ چىققان ھەمدە مەرھۇم مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ كېيىنكى قىسمى – شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلاب تارىخى»نى نەشر قىلدۇرغان.

ئاتاقلىق دىنىي ئالىم، جامائەت ئەربابى ۋە مىللىي مۇجاھىد مۇھەممەد قاسىم داموللام 1985 ـ يىلى يازدا سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ تائىف شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.



# مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم

(1995–1932)

ئابدۇجېلىل تۇران

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىڭ يىللىق ئىسلام تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەسچىتتە قۇرئان كەرىمنى تولۇق تەپسىر قىلغان كىشى مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئەللامىسى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يېگانە ئەسىرى «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلىشقا

خوتەندىن مەخسۇس تەكلىپ قىلىنغان كىشىمۇ مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم ئىدى. خوتەندىكى خىلى ـ خىلى ئۆلىمالار ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەردە مۇراجىئەت قىلىنىدىغان كىشى يەنە مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم ئىدى.

ئاتاقلىق دىنىي ئالىم، مەشھۇر جامائەت ئەربابى مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم تەخمىنەن 1932 ـ يىللىرى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ھالالباغ كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. مەرھۇم ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىن، كاشغەرگە كېلىپ (ئەلۋەتتە باشلانغۇچ ساۋاتىنى خوتەندە چىقارغاندىن كېيىن) كاشغەردىكى خانلىق مەدرىسە قاتارلىق داڭلىق مەدرىسەلەردە ئىمىن مەۋلىۋى داموللام، سۈلايمان ئاخۇن داموللام، سالىھ داموللام قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالارنىڭ قولىدا ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇپ، ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە، جۈملىدىن كىلاسسىك ئەرەب ئەدەبىياتىدا يۇكسەك دەرىجىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. 50 ـ يىللىرى خوتەندىن

كاشغەرگە ئوقۇشقا بارغان تالىبۇلئىلىملەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كاشغەر مەدرىسەلىرىدە ئوقۇش قارار قىلىنغان دەرسلىكلەرنىڭ ھەممىنى دېگۈدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «داموللا» دېگەندەك ئۇنۋانلارغا ئېرىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، كاشغەردىكى داڭلىق مۇدەررىس ئىمىن مەۋلىۋى داموللام: «خوتەندىن كەلگەن تالىپ كۆپ، ئەمما بۇلاردىن موللا بولغىنى ئۈچ» دەپ ماختىغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرى مۇھەممەد قۇربان داموللام ئىدى. ئىمىن مەۋلىۋى داموللام كۆزدە تۇتقان ئۈچ تالىپنىڭ يەنە بىرى خوتەن كېرىيەلىك مەرھۇم مۇھەممەد ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىم (بۇرھان)، ئىككىنچىسى قارى قۇرئان، دىنىي ئالىم ئابدۇللاھ روزى داموللام ئىدى.

مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئىلمىي تالانتى بىلەن 1959 - يىللىرى خوتەنگە قايتىپ كەلگەن. 1959 - يىلى كاشغەردىكى پۈتۈن مەدرىسەلەرمۇ تاقالغان.

مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم

كاشىغەردىكى ئىلىم تەھسىلىنى تاماملاپ، خوتەنگە قايتقان چاغ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى قارا بوران قاپلىغان يىللار ئىدى. مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم خوتەنگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، خوتەندىكى ساناقسىز دىنىي ئۆلىما ۋە زىيالىيلار قاتارىدا ئۆزىنى زىندانلاردا كۆردى. شۇ ۋاقىتتا زىندانغا تاشلانغان خوتەننىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن ئويغۇر تېبابەت ئالىمى، مەرھۇمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئابدۇلھەمىد يۇسۇپ داموللام، ھۇشۇر نىياز مۇپتى ئاخۇنۇم (1959 - يىلى قولغا ئېلىنىپ، 1963 - يىلى تۈرمىدىن جەسىتىنى بەرگەن)، ئابدۇلئەزىز قاراجىم (15 يىلدىن ئارتۇق تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن 1979 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئابدۇۋەلى ھاجىم (15 يىلدىن ئارتۇق كېرىيە تۈرمىسىدە «ئۆزگىرىپ» كەلگەندىن كېيىن، 1981 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئابدۇللاھ قارىم (15 يىللىق زىندان ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتكە چىققان ۋە 1984 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، ئابدۇلغەنىي ھاجىم (1976 - يىللىرى يەركەن پەيلودا ۋاپات بولغان)، ئابدۇنەبىي قاراجىم (1963 - يىلى تۈرمىدىن جەسىتىنى

بەرگەن)، غىياسىددىن قاراجىم (1970 ـ يىللىرى كېرىيە تۇرمىدە ۋاپات بولغان)....قاتارلىقلارنى؛ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن مەرھۇم جاپپار ئەمەت قاتارلىقلارنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەپ ئۆتىمىز.

مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم 1965 ـ ياكى 1966 ـ يىلى ئىنسان چىدىغۇسىز ئاچلىق ۋە ئېغىر ئەمگەكتە ئۆتكەن 5 يىللىق تۇرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتكە چىقىدۇ. مەرھۇم تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، رەھمەتلىك دادام مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇم ئەڭ يېقىن دوستى ۋە ساۋاقدىشى مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىمنىڭ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنلىك شەرىپىگە ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۆيدە ماڭا ئاتاپ باققان بىر ئاق پاقلاننى ئۆلتۈرۈپ مېھمان قىلغاندا، مەن بىرقانچە كۈن يىغلىغان ئىدىم.

مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، تۇرمىدە ئۆگەنگەن تامچىلىق ئىشىنى قىلىپ، خوتەن قۇرۇلۇش ئەترىتىدە

تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر باش تېخنىك بولۇپ ئىشلەپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىمنىڭ ھاياتى 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئەنە شۇنداق قۇرۇلۇش ئەترىتىدە ئىشلەش بىلەنلا ئۆتكەن. چۈنكى، ئۇ يىللاردا تالىپ ئوقۇتۇش، دەرس سۆزلەش ۋە ۋەز ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

1979 - يىللىرىغا كەلگەندە شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنىڭ ئازراق ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ، مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم جامائەتتىن پۇل يىغىش قىلىپ، ئۆيىنىڭ يېنىغا كىچىك بىر مەسچىت سالدۇرغان. بۇ مەسچىت «نۇرلۇق مەسچىت» دەپ ئاتالغان بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ مەسچىت ھەم مەسچىتلىك، ھەم مەدرىسەلىك رولىنى ئۆتىگەن. مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم ئەنە شۇ مەسچىتتە 1979–80 - يىللىرى ھەر كۈنى سەھەردە بامدات نامىزىدىن كېيىن قۇرئان كەرىمنى ئاغزاكى، تولۇق تەپسىر قىلىپ ئۆتكەن. مەرھۇمنىڭ قۇرئان كەرىم تەپسىرىنى ئاڭلاشقا

كەلگەن جامائەت مەسچىتكە پاتماي قالغان. بۇ، خوتەن ئىسلام تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەسچىتتە قۇرئان كەرىمنىڭ تولۇق تەپسىر قىلىنىشى بولسا كېرەك. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەسچىتلەردە ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا باشقا كىتابلاردىن ۋەز ئېيتىش ئىشى كەڭ ئومۇملاشقان بولسىمۇ، قۇرئان كەرىمنى مەسچىتتە ياكى جامائەت سورۇنلىرىدا تەپسىر قىلىش ئىشى ئانچە ئومۇملاشمىغان ئىدى.

مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم بىر بۆلۈك تىرىكتاپ مولللارنىڭ ئەكسىچە، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ ئولتۇرماي، كۈندۈزى تەشكىلنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ، شۇنىڭدىن ئالغان مائاشىنى خىراجەت قىلىپ يەنى پېشانىسىدىن تەر ئاققۇزۇپ، ھالالدىن ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرگەن.

80 ـ يىللاردىن كېيىن، مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئۆز مەسچىتىدە نۇرغۇنلىغان تالىپلارغا دەرس بېرىشكە باشلىغان بولۇپ، تالىپلارنىڭ سانى كۈنسېرى ئېشىپ بارغان. شۇ كۈنلەردە (80

- يىللىرى) ئاتالمىش «ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى» مەھمۇد كاشىغەرىينىڭ «دىۋانى لۇغاتىتتۈرك» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ يېڭى ئىش باشلىغاندا، خوتەندىن مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىمنى مەخسۇس تەكلىپ قىلىپ، مەرھۇمنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېلىپ، بەش - ئالتە ئاي مەزكۇر كىتابنى تەرجىمە قىلىش ئىشىغا قاتناشتۇرغان. مەرھۇم «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىملاردىن ئىبراھىم مۇتىئىي، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئابباس قاتارلىق ئۇيغۇر ئالىم - زىيالىيلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان.

مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم مىسىر جەدىدىزم ھەرىكىتىنىڭ پېشۋالىرىدىن مىسىر مۇپتىسى شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە سەئۇدىي ئەرەبىستاندىكى سەلەفىي ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىلىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر

ئۇچرايدۇ. تالىپلىرىغا ئۆتكەن دەرسلىرىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئەسىرلەردىن بېرى مەدرىسەلەردە ئوقۇتۇلۇپ كەلگەن كىلاسسىك ئىسلام ئەسەرلىرىنى ئوقۇتقانىنىڭ سىرتىدا، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب، مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە رەشىد رىزا قاتارلىق ئالىملارنىڭ كىتابلىرىنى تۈنجى بولۇپ دەرس قىلىپ ئوقۇتۇشنى يولغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوتەندە بىر قىسىم قارا كۈچلەرنىڭ دىنىي ئىختىلاپ پەيدا قىلىشىغا قىسمەن سەۋەب بولغان بولسىمۇ، بىر بۆلۈك ئىلغار ياش ئەۋلادلار يېتىشىپ چىقىدۇ.

مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم تالىپلارغا دەرس ئۆتكەنىنىڭ سىرتىدا 80 ـ يىللىرىدىلا ئۆز مەسچىتىنىڭ خاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ، جۈمە خۇتبىسىنى ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى يولغا قويىدۇ. بۇ، شەرقىي تۈركىستاندا، جۈملىدىن خوتەندە جۈمە خۇتبىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشقا باشلىنىشى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىمنىڭ ۋەز ـ خۇتبىلىرىنى ئاڭلىغىلى خوتەننىڭ يىراق ـ

يىقىن يىزىلىرىدىن ھەتتا قاراقاش ۋە لوپ ناھىيەلىرىدىن كەلگەن جامائەت مەسچىتكە سىغماي، يوللار توسۇلۇپ قالىدۇ. مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىمنىڭ ئەينى چاغدا سۆزلىگەن ۋەز - خۇتبىلىرىنىڭ ئۈنئالغۇ لىنتىلىرى بۈگۈنگە قەدەر خەلق ئارىسىدا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم 1983 - يىلى كاشغەر–پاكىستان–قونجىراپ يولى ئارقىلىق سەئۇدىي ئەرەبىستانغا ھەجگە كىلىدۇ. مەرھۇمنىڭ ھەج سەپىرىدە رەھمەتلىك دادام ۋە مەن بىللە ئىدۇق. مەرھۇم پاكىستاندا ھەجگە ساقلاپ تۇرغان كۈنلەردە ۋەتەندىن كەلگەن ھاجىلارغا ھەر كۈنى ھەج قائىدىسى ۋە ھەج ئەھكاملىرى ھەققىدە ۋەز سۆزلەپ بىرەتتى. 1983 - يىلقى ھەج پائالىيىتى ئاخىرلىشىپ، مەرھۇم ۋەتەنگە قايتىپ كەتكەنگە قەدەر بىز بىللە بولغان ئىدۇق.

مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقان كۈنلەردىن

بىرىدە دۇنيادىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاپئاق لىباسقا يۆگىنىپ جەم بولىدىغان مىنا مەيدانىدا ۋەتەندىن كەلگەن ئۇيغۇر ھاجىلارغا ۋەز سۆزلەيدۇ. بۇ ۋەزنى پۈتۈن ئۇيغۇر ھاجىلار ئاڭلىغاننىڭ سىرتىدا، سەئۇدىي ئەرەبىستاندا مۇھاجىر بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە سەئۇدىي ئەرەبىستاندا ئوقۇپ، شۇ يەردىكى ئالىي بىلىم دەرگاھلىرىدا ئۇزۇن مۇددەت مۇدەررىسلىك قىلغان خوتەن ئۇجاتلىق ئۇستاز مۇھەممەد قاسىم داموللام ئاڭلاپ، مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىمنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارىغا ھەيران قالغان. ھەج پائالىيىتىنى تاماملاپ، مەككىدە تۇرغان كۈنلەردە مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىمنى سەئۇدىي ئەرەبىستاندىكى مۇھاجىر ئۆلىمالار ئۆي ـ ئۆيلەرگە مېھمانغا چاقىرىپ، ئاجايىپ ھۆرمەت كۆرسەتكەن.

مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم 1983 ـ يىلى ھەج پائالىيىتىنى تۈگىتىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان يېڭى ـ يېڭى كىتابلارنى ئېلىپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، يەنە

تالىپلارغا دەرس ئۆگىتىش ۋە مەسچىتتە ۋەز ئېيتىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىدا ئالىي ئىمارەتلەردە ئولتۇرۇپ، يۇقىرى مائاش ئېلىپ، ئېسىل ماشىنىلارنى ھەيدەپ، بوينىغا گىلاستۇك تاقاپ، مەغرۇر يۈرىدىغان ئىلاھىيەتچى دوكتور، پىروفېسسورلارنىڭ ئەكسىچە، ئاددىي كىيىنىپ، ۋېلىسىپىت مىنىپ، قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىن ئالغان مائاشىغا قانائەت قىلىپ، تالىپلاردىنمۇ بىر تىيىن ھەق ئالماي، ھەركۈنى نەچچە سائەتلەپ دەرس ئوقۇتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكەن يۈتۈن ئۆلىمارلاغا ئوخشاش، مۇھەممەد قۇربان دامولla ھاجىمغىمۇ بىرەر كىتاب يېزىپ قالدۇرۇش نېسىپ بولمىسىمۇ، نۇرغۇن تالىپ يېتىشتۈردى.

مۇھەممەد قۇربان دامولla ھاجىم ئاز ھەم ساز گەپ قىلىدىغان تەمكىن كىشى بولۇپ، تولىمۇ پەرھىزكار، تەقۋادار ئىدى. قولىدىن كىتاب چۈشمەيدىغان كىتاب مەستانىسى بولۇپ، پەقەت ھەدىس ۋە تەپسىر كىتابلىرىنىلا

ئەمەس، كىلاسسىك ئەرەب ئەدەبىياتىغا ئائىت كىتابلارنىمۇ تاھارەتسىز تۇتمايتتى. ئەگەر تاھارەتسىز كىتاب كۆرۈشكە توغرا كەلسە، لۇغەت ئۆگىنىش مەقسىتىدە ماۋزىدۇڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەبچىسىنى ئوقۇيتتى.

مەرھۇمنىڭ دەرس ئۆگىتىش، ۋەز ئېيتىش ئىشى تاكى 90 ـ يىللىرىغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. 90 ـ يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن بىر قاتار سىياسىي ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم سىياسىي تەقىبكە ئۇچرايدۇ ۋە تالىپلىرى تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ، مەسچىتتە ۋەز سۆزلەش ئىشىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، شۇ يىللاردا مەرھۇمنىڭ سالامەتلىكىمۇ تازا ياخشى بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ يەنە قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىكى ئىشىنى ۋە ئەتىگەن ـ ئاخشامدا كىتاب مۇتالىئە قىلىشىنى بىر كۈنمۇ توختاتمايدۇ.

مەرھۇم 1994 ـ يىلى ئايالى بىلەن يەنە ھەجگە كېلىپ، ئالدىراش قايتىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن سالامەتلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىدۇ. ئاخىر 1995 ـ يىلى

12 ـ ئايدا داۋالىنىش ئۇچۇن ئۇرۇمچىگە كېلىپ، ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئىككىنچى دوختۇرخانىدا بالنىستا ياتىدۇ. 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتى ئاخىرلىشىپ، يۈركى ھەرىكەتتىن توختاپ، كۆزى مەڭگۈگە يۇمۇلىدۇ.

مەرھۇمنىڭ جەسىتى خوتەنگە يۆتكەپ كېلىنىپ، خوتەندە مەرھۇمنىڭ ۋاپات خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، خوتەن خەلقى قاتتىق قايغۇغا چۆمىدۇ. مەرھۇمنىڭ مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كەلگەن ماشىنىنىڭ ئالدىغا كېرىيەگە قەدەر ئېقىپ بارىدۇ. مەرھۇمنىڭ نامىزى ئوقۇلغان كۈنى ئۇنى ئاخىرقى سەپەرگە ئۇزىتىش ئۇچۇن خوتەننىڭ يىراق ـ يېقىن يېزىلىرىدىن ۋە باشقا ناھىيەلەردىن كەلگەن جامائەت بىلەن خوتەننىڭ چوڭ كوچىلىرى توشۇپ كېتىدۇ. قىسقىسى، مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا خوتەن خەلقى قانداق ھۆرمەت قىلغان بولسا، ۋاپاتىغىمۇ شۇنداق ھۆرمەت كۆرسىتىشكەن ئىدى. مەرھۇمنىڭ جەسىتى

خوتەن خەلقىنىڭ كۆز يېشى ۋە نالە ـ پەريادى بىلەن قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېلىنىپ، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوست ۋە مۇخلىسلىرىدىن ئاتاقلىق تېبابەت ۋە دىيانەت ئالىمى ئابدۇلھەمىد يۇسۇپ داموللام ۋە قارى قۇرئان مەرھۇم ئۇستازىم شەمسىددىن قارىھاجىم ۋە قابىل قارىھاجىملارنىڭ يېنىغا، «تەيۋىزىم قەبرىستانلىقى»غا دەپنە قىلىندۇ.

مەرھۇمنىڭ ۋاپات خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، مەلۇم بىر كىشى مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ مۇنداق مەرسىيە يازغان:

## مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد قۇربان داموللا هاجىم ۋاپاتىغا مەرسىيە

تىترىدى سانسىز يۈرەك، قىلغاچ سەپەر ئۇستازىمىز،
ئاز كېلۇر ئۇستاز دېسەك، بەلكى ئادالەت قازىمىز.

تۆكتى ياش مىليونچە كۆز، پاتتى ۋەتەن ئەل قايغۇغا،
ياڭرىدى سەھرا ـ شەھەر، ھەر ئۆيدە ماتەم نالىمىز.

تەر تۆكۈپ ياققاچقا ئۇ دىللارغا تەۋھىد شامىنى،
بىر قەدەر يول تاپتى ئەل، ئۆستى يەنە ئوبرازىمىز.

مېھرىبان كەمتەر ئىدى، شۇنچە پەزىلەت ئۇستىگە،
شول سەۋەبتىن بار ئىدى ھەردەم ئىشەنچ، نازىمىز.

ئىجتىھات بىلەن داۋام قىلسا كىتابتىن مەۋئىزە[18]،
بوپ قالاتتى سۆزلىرى ئىش ئۆلچىمى ئەندازىمىز.

نەدە بولساق، ئولتۇرار دىل جانىمىزنىڭ تۆرىدە،
تونۇلۇپ كەتتى ئۆيى ھەقنى كېڭەيتىش بازىمىز.

ھەيبىتى يۈكسەك ئىدى، چانمايتتى ھەركىم ئالدىدا،
بىلسە كىم بىزلەر ئۈچۈن بوپ كەلدى ئىلمىي غازىمىز.

ياشىدى ھەق دىن ئۈچۈن، بولدى ھەقىقەت ئۈلگىسى،
ئەھلى تەۋھىد چوڭ - كىچىك مەڭگۈ ئۇنىڭدىن رازىمىز.

* * * * *

ئانا يۇرت ئايرىلىپ قالدى پىداكار ئوغلى قۇربانىدىن،
دىيانەت ھەمدە ئەخلاقنىڭ ئۈلگىنى پۇختا قۇرغاندىن.
ۋاپاتى ئەلگە ئىنتايىن ئېلىپ كەلدى پەرىشانلىق،
مۇسىبەت ھەسرىتى ياغراپ خوتەندىن، ئاقسۇ، تۇرپاندىن.

18 ۋەز - نەسىھەت.

پۈتۈن ئەل قايغۇغا چۆمدۈق خۇسۇسەن ئەھلى تەۋھىدلەر،
تۈيۈقسىز ئايرىلىپ قالغاچ ئۇلۇغۋار تاجى ئۈنۋاندىن.

مۇسۇلمان ئەھلىگە قىزغىن بولاتتى كۆرسە ھەر يەردە،
توساتتى قايغۇرۇپ ئەلنى ھەمىشە كۈپرى تۈغياندىن.

مۇھەببەت ـ نەپرىتى روشەن ئىدى ھەرساھە خىزمەتتە،
كېسەلگە چارە كۆرگەندە تۆۋەن تۇرمايتتى لوقماندىن.

جاھالەت ئىلكىدە ئىڭراپ يېتىشقان خەلقى ئالەمگە،
ئۇزۇقنى قاندۇرۇپ بەردى ھەدىستىن، ھۆكمى قۇرئاندىن.

1995 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى



# ئابدۇلھېكىم مۇھەممەد قۇربان

(2019−1970)

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

ئابدۇلھېكىم مۇھەممەد قۇربان خوتەنىنىڭ مەشھۇر ئىسلاھاتچى ئالىملىرىدىن مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىمنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1970 - يىلى تۇغۇلغان. ئابدۇلھېكىم داموللام دەسلەپكى دىنىي تەلىمنى دادىسىدا ئالغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل كېرىيەگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان، نۇرلۇق مەسچىتىنى بىنا قىلىشقا زور كۈچ چىقارغان، شۇنداقلا شۇ مەسچىتنىڭ ئۆزىدە ئىمام - خاتىپلىق قىلىش ۋە تالىپلارغا دەرس

ئۆتۈش بىلەن ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن دادىسى مۇھەممەد قۇربان داموللامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئورنىغا ئىزباسار بولۇپ خاتىپلىققا تەيىنلەنگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەسچىتتە تەخمىنەن بىر يىلغا يېقىن خاتىپلىق قىلغان بولۇپ، بۇ جەرياندا مەسچىتنىڭ جامائىتى بەك كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇنىڭ خۇتبىلىرىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغان. داموللام مەسچىتتە ئوقۇغان خۇتبىلىرى سەۋەبلىك ئاتالمىش «دۆلەتنى پارچىلاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى» دېگەن تۆھمەت بىلەن 1999 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 29 يېشىدا تۇتۇپ كېتىلگەن. تۇتۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي 15 يىللىق قاماقجا ھۆكۈم قىلىنىپ، ئۈرۈمچىدە ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق 4 - تۈرمىگە قامىلىپ، 15 يىللىق ياشلىق ھاياتىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن. 2014 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 15 يىلنى تولۇق توشقۇزۇپ، 44 يېشىدا تۈرمىدىن چىققان بولسىمۇ، يەنىلا ھازىرقى بارلىق ئۇيغۇر خەلقىگە ئوخشاشلا ئەركىنلىكتىن مەھرۇم ھالدا ئۆيىدە نەزەربەند قىلىنىپ،

2017 - يىلىغىچە جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان. 2017 - يىلى 7 - ئايدا مىليونلارچە بىگۇناھ ئىنسانلار لاگېرلارغا قامالغان ۋاقىتتا ئابدۇلھېكىم داموللامۇ قايتا تۇتۇپ كېتىلگەن ھەمدە لاگېرغا ئەۋەتىلمەستىن، بىۋاسىتە تۈرمىگە قامىلىپ، يەنە ناھەق رەۋىشتە 10 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان.

2019 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى دامولامىنىڭ تۈرمىدە شېھىت قىلىنغانلىق خەۋىرى تارقالغان بولسىمۇ، ئىشەنچلىك مەنبە ياكى ئائىلىسىدىن بۇ شۇم خەۋەرنىڭ راست - يالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بولمىغان. 2019 - يىلى 28 - ئىيۇن ئابدۇلھېكىم دامولامىنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق ئوغلى ۋە باشقا تۇغقانلىرى ئارقىلىق بۇ شۇم خەۋەرنىڭ راستلىقى، دامولامىنىڭ 49 يېشىدا خىتاي زىندانلىرىدا ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى ئېنىقلانغان.



# مۇھەممەد زاكىر خەلپىتىم

(2009–1930)

ئابدۇۋەلىي

مۇھەممەد زاكىر خەلپىتىم 1930 - يىلى چىرا ناھىيە ماخمال كەنتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئەخمەت توختى ئاخۇن بولۇپ، تىككۈچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، دىنىي ئىلىمدىن خەۋىرى بار، مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. خەلپىتىم 14 يېشىغا قەدەر ئائىلىسىدە ۋە مەھەللىسىدىكى ئەھلى ئىلىملەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن كېرىيە ناھىيەسىدىكى

روزى ئاخۇنۇمنىڭ مەدرىسەسىدە يەتتە - سەككىز يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، يۇرتقا قايتىپ بېرىپ، يەنە مەھەللىسىدىكى ئەھلى ئىلىملەردىن تەلىم ئالغان.

كېيىن قەشقەرگە بېرىپ مەمتىمىن مەۋلىۋى، سالىھ ھاجى داموللام، سۇلايمان داموللا ھاجىم، قاسىم قاراجىم ۋە زەينۇلئابىدىن مەۋلىۋى قاتارلىق ئۆلىمالاردا ھەدىس، تەپسىر ۋە مىراس (فەرائىز) ئىلمىگە ئائىت دىنىي ئىلىملەرنى پىششىق ئىگىلىگەن؛ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خانلىق مەدرىسە ۋە ساجىيە مەدرىسەلىرىدە سەككىز - ئون يىل ئوقۇغان.

ئەينى يىللاردا بىللە ئوقۇغان ھەمساۋاقلىرىدىن خوتەن چىرا ناھىيەسىنىڭ جاي كەنتىدىن مۇھەممەد ئېلى ئاخۇن خەلپىتىم، ماخمالدىن ياسىن ئاخۇن داموللام، سېرىغ ئېرىق كەنتىدىن مەمەت ئىمىناخۇن خەلپىتىم، ئابدۇرېشىت ئاخۇن خەلپىتىم ۋە خوتەن شەھىرىدىن ئابدۇللاھ روزى داموللا ھاجىم، مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم، مۇھەممەد ناسىراخۇن داموللا ھاجىم، ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم قاتارلىقلار بىلەن بىرگە

ئوقۇغان. دىنىي ئىلىم ئوقۇش بىلەن بىرگە شەرقىي تۈركىستان تارىخىغا ئالاقىدار كىتابلارنى يېزىپ كۆچۈرۈپ، باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنغان. بۇ ۋاقىتلار 1955 - يىللىرىغا توغرا كېلەتتى. بۇ كىتابلارنى يېزىپ كۆچۈرگەنلىك ئىشلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا يېتىپ، ئۇلارنى قەشقەردە سوراق قىلغاندىن كېيىن، خوتەنگە يولغا سېلىۋەتكەن، خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن، ھەربىرىنى ئۆز يۇرتىدا قولغا ئالغان.

ئۇلارنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا «ۋىجدان ئاۋازى» ۋە «شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەقىللىق ساداسى» ناملىق كىتابنى يازغانلىقى سەۋەب بولغان. (مۇھەممەد زاكىر خەلپىتىم 16 يىل، مەمەتئېلى خەلپىتىم 18 يىل، مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم 12 يىل، ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم 14 يىل تۈرمىدە ياتقان). بۇلارنىڭ ئالدى 1976 - يىلى، كەينى 80 - يىلى ئەتراپىدا تۈرمىدىن چىققان.

تۈرمىدىن چىقىپلا خوتەن خەلقىنىڭ دىنىي مائارىپ ۋە ئاقارتىش خىزمەتلىرىنى تاكى

ۋاپات بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، خوتەن شەھىرىگە تۇتاش دۆڭباغ مەھەللىسى مەزكۇر ئۇستازلاردا ئوقۇيدىغان تالىپلارنىڭ نۇقتىلىق ماكانى ۋە مەدرىسەسىگە ئايلانغان. مۇھەممەد زاكىر خەلپىتىم ماتىماتىكىغا ناھايىتى پىششىق بولۇپ، مىراس ھەققىدىكى پەتىۋالار خەلپىتىمدىن سورىلاتتى. خەلپىتىم بۇ ھەقتە «فەرائىز» ناملىق بىر ئەسەرنى تەرجىمە قىلغان.

## چوڭ دادام مۇھەممەد زاكىر خەلپىتىم ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم:

ئانامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، خەلپىتىم دادامنىڭ دادىسى ئەخمەت توختى ئاخۇن تۇغۇلما ماخماللىق بولۇپ، ئۆزىمۇ يالغۇز ئوغۇل ئىكەنتۇق، بۇرۇندىن تارتىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ناھايىتى ئاز بىر جەمەت ئىكەن. ئۆزى يۇرۇش - تۇرۇشى ناھايىتى رەتلىك، جامائەت ئارىسىدا گېپى ئۆتىدىغان بىر كىشى ئىكەنتۇق. كەسپى تىككۈچى بولۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى بەك قىلىدىغان، يىغىلىشلىرىدىن قالمايدىغان كىشى ئىكەن. شۇ زامانلاردا چىرىدا زاكىر ئاخۇنۇم دەيدىغان

يېتىۋك بىر ئالىم ياشايدىكەن. ئەخمەت توختى ئاخۇنۇم چوڭ دادام ئۇ كىشىنىڭ ئىلمىي سورۇنلىرىغا كۆپ قاتناشقان بولۇپ، زاكىر ئاخۇنۇمنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتى، تەقۋادارلىقى ۋە مەھەللە جامائىتىنى ھەققە يېتەكلەشتىكى پاراسىتى ئەخمەت توختى ئاخۇنۇمنى ناھايىتى قايىل قىلغان ئىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئەخمەت توختى ئاخۇنۇم ھەر نامىزىدا ئاللاھتىن بىر ئوغۇل پەرزەنتىم بولسا، ئىسمىنى مۇھەممەد زاكىر قويسام، ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرسەم، زاكىر ئاخۇنۇمغا ئوخشاش ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە كىشىلەرگە ئىلىم بېرىپ، ئىسلامغا يېتەكلىسە ئىكەن دەپ تىلەيدىكەن.

ئەخمەت توختى ئاخۇنۇمنىڭ دۇئاسى ئاخىر ئىجابەت بولۇپ، 1930 - يىللىرى خوتەن چىرا ناھىيە ماخمال كەنتىدىكى ئاددىي بىر ئائىلىدە چوڭ دادام مۇھەممەد زاكىر خەلپىتىم تۇغۇلۇپتىكەن.



# قارى قۇرئان شەمسىددىن قاراجىم

(1988−1928)

ئابدۇجېلىل تۇران

مەرھۇم ئۇستاز شەمسىددىن قاراجىم تەخمىنەن 1928 ـ يىللىرى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەندىجان (ئەنجان) ۋىلايىتىدە ئەھلى دىيانەت ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1930 ـ يىللىرى ئاكىسى مەشھۇر شائىر بىلال ئەزىزى بىلەن ئانىسى سائادەتخان ئايىم (تەخەللۇسى بىۋاپا ئايىم بولۇپ، ئۇقۇمۇشلۇق شائىرە ئايال ئىدى)

نىڭ ھەمراھلىقىدا شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كېلىپ، كۇچارلىق مەشھۇر تارىخچى موللا مۇسا سايرامى ھەزرەتلىرى داڭلىق ئەسىرى «تارىخى ھەمىدىي»دە: «خوتەن ناھايىتى كونا ۋە قەدىمىي شەھەردۇر، ئادەملىرىنىڭ خۇلقى - مىجەزىگە قارىغاندا، بىر سۆزلۈك، بىر قوللۇق، بىر نىيەتلىك ۋە ئىتتىپاق ھېسابلىنىدۇ... تەقۋادار، پەرھىزكارلىرى تولا... تەبىئەت ئىدراكى پاكىز، زېھنى يۈگۈرۈك... مېۋە - يېمىشلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە مول، يايلاق - باياۋانلىرى بىپايان، چارۋا ماللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ» دەپ ئالاھىدە تەرىپلىگەن خوتەن شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ.

ئاكىسى مەشھۇر شائىر بىلال ئەزىزى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاقسۇ تۈرمىسىدە گومىنداڭنىڭ جادۇسىدا خۇددى بىدە توغرالغاندەك توغرالغان.

مەرھۇم شۇ يىللاردا ئەندىجاندىن خوتەنگە كۆچۈپ كېلىپ، قارىلىقتا داڭق چىقىرىپ، خوتەندە مىڭلىغان قارى يېتىشتۈرگەن. خوتەندە ئۆتكەن داڭلىق مەرھۇم ئابدۇنەبىي

قاراجىمنىڭ يېنىدا ئوقۇپ، قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاپ، ئابدۇنەبىي قاراجىمنىڭ بىرىنچى قول تالىپىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئابدۇنەبىي قاراجىمنىڭ مەدرىسەسىدە خەلپەتلىك (يەنى ياردەمچى ئۇستازلىق) قىلىپ قارى تەربىيەلەشكە باشلايدۇ. قولىدا نۇرغۇنلىغان قارىلار يېتىشىپ چىقىدۇ. كېيىن خوتەننىڭ 10 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان سەيشەنبە بازار يېزىسىدا مەخسۇس ئۇستاز بولۇپ، قارى تەربىيەلەيدۇ.

بىر يىللىرى قاغىلىققا بېرىپ، ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىمدا دەرس ئوقۇيدۇ. 1958 - يىلى پۈتۈن مەدرىسەلەر پېچەتلەنگەندىن كېيىن، شەمسىددىن قاراجىم كوپراتسىيەنىڭ سەيپۇڭچىلىقىنى قىلىدۇ. 1977 - يىللىرىغىچە كۆرمىگەن كۈنى قالمايدۇ، سىياسىي تەقىبكە ئۇچرايدۇ، ياقا يۇرتلاردا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئەترەتتىنە ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىدۇ، چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر دەپ كۈرەش قىلىنىدۇ، كوچىلاردا سازايى قىلىنىدۇ ۋە قامىلىدۇ.

1978 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئۆز ئۆيىدە قارى تەربىيەلەشكە باشلايدۇ، ئاستا ـ ئاستا تالىپلارنىڭ سانى كۆپىيىپ كېتىدۇ، نەچچە ئونلىغان قارى باللار يېتىشىپ چىقىدۇ.

مەرھۇم قاراجىم پەقەت 1978 ـ يىلىدىن كېيىنلا ئەمەس، 60–70 ـ يىللاردىكى ئېغىر كۈنلەردىمۇ بىردىن ـ ئىككىدىن بولسىمۇ بالا ئوقۇتۇپ، باللارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ، قۇرئان كەرىم ئۆگىتىپ تۇرغان ئىكەن. مېنىڭ ئاغزىمغىمۇ تۇنجى ئىلىمنى رەھمەتلىك شەمسىددىن قاراجىم سالغان ئىدى. مەن رەھمەتلىك ئۇستازىمدا قۇرئان ساۋاتىمنى چىقىرىپ، قىرائەت ئۆگەنگەنىنىڭ سىرتىدا سابىت داموللامنىڭ «ئەقائىد جەۋھەرىي»، «شېرىن كالام»، زېرىف قاراجىمنىڭ «ئەممە پارە تەپسىرى» قاتارلىق كىتابلىرىنى دەرس قىلىپ ئوقۇغان.

رەھمەتلىك شەمسىددىن قاراجىم شۇنداق يامان، قاتتىق كۈنلەردىمۇ رامىزان كەلسە، ئۆي ـ ئۆيلەردە تەراۋىھ نامىزى ئوقۇپ، بىر ئاي رامىزاندا ئەڭ ئاز تۆت ـ بەش قېتىم قۇرئان كەرىمنى خەتمە قىلىپ ئۆتكۈزەتتى.

بۇلبۇلدەك جاراڭلىق ئاۋازىغا مەپتۇن جامائەت نە ـ نەلەردىن كېلىپ، يېرىم كېچىگىچە تەراۋىھ نامىزىغا تۇراتتى. بەش ـ ئالتە سائەتلەپ مەرھۇمغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغان جامائەت ھېچقانچە ھارغىنلىق ياكى زېرىكىش ھېس قىلمايتتى.

شەمسىددىن قاراجىم 80 ـ يىللاردىن كېيىن ھەممە ئىشىنى تاشلاپ، مەخسۇس قارى تەربىيەلەشكە كىرىشىدۇ ۋە تالىپلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىدۇ. 1984 ـ يىلى ئائىلىسىنى ئېلىپ، سەئۇدىي ئەرەبىستانغا ھەجگە كېلىدۇ ۋە 35 يىل بۇرۇن ئايرىلىپ كەتكەن تۇنجى ئوغلى مۇھەممەد نۇر ھاجىم بىلەن مەككىدە يۈز كۆرۈشىدۇ.

شەمسىددىن قاراجىمنىڭ مەككىدىكى تۇنجى ئوغلى مۇھەممەد نۇر ھاجىم بوۋاق ۋاقتىدا شەرقىي تۈركىستانغا قىزىل خىتاي ئارمىيەسى بېسىپ كېلىش ئالدىدا ۋەتەندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ئون مىڭلارچە سەرگەردان ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ ئانىسى ۋە چوڭ دادىسى بىلەن بىرگە قېچىپ چىقىپ، سەئۇدىي ئەرەبىستانغا كېلىپ، مەككىدە

ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مۇھەممەد نۇر هاجىم مەككىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئوقۇپ، يېتىشىپ، ئەرەبىستاندىكى ئەرەبلەرنىڭمۇ ئاغزىغا ئىلىم سالىدىغان ئەربابلارغا ئايلانغان كىشىدۇر.

مەرھۇم شەمسىددىن قاراجىم ھەجدىن قايتىشىدا كىچىك ئوغلى سىراجىددىننى پاكىستاندا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى خوتەنگە قايتىدۇ ۋە يەنە قارى تەربىيەلەشكە باشلايدۇ. 80 ـ يىللىرى خوتەندە باشلانغان ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، خوتەندىكى ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ پېشۋالىرىدىن مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم، ئابدۇللاھ قارى داموللام، ئابدۇلئەزىز قاراجىم، ئابدۇۋەلى ھاجىم، مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇم قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ.

مەرھۇم قاراجىم تولىمۇ تەقۋادار ۋە پەرھىزكار كىشى بولۇپ، ھاياتى ئۇزۇن يىل بالا ئوقۇتۇش ۋە قارى تەربىيەلەش بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، تۇرمۇشىنى ھالال ئەمگىكى بىلەن قامداپ،

تالىپ بالىلاردىن ھېچقانداق ھەق ئالمايتتى. مەرھۇم قاراجىم تالىپلارغا قۇرئان كەرىم ئۆگەتكەننىڭ سىرتىدا، «سوفى ئاللاھىيار»، «مۇبەييىنى ئىسلام»، «مىزان شەرىئەت»، «پەرزۇل ئەين» قاتارلىق كىتابلارنى، سابىت داموللام ۋە ئابدۇقادىر داموللام ئەسەرلىرىنى ئوقۇتاتتى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا كوممۇنىزمنىڭ ئىنسانىيەت ئالەمگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى، 1955 ـ يىلقى خوتەن ئىنقىلابىنىڭ يېتەكچىسى پەتھىددىن مەخسۇمنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيەسىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

رەھمەتلىك شەمسىددىن قاراجىمنىڭ ئۇزۇن يىللىق تىرىشچانلىقىنىڭ بەرىكىتىدە خوتەندە نەچچە يۈزلىگەن قارى يېتىشىپ چىققان. قاراجىمنىڭ تەربىيەلىگەن تالىپلىرى بۈگۈنكى ئەرەب ـ ئىسلام دۇنياسىدىكى خېلى ـ خېلى قارىلار ئالدىدا قۇرئان كەرىمنى بىمالال ئوقۇيالايدۇ.

مەرھۇم شەمسىددىن قاراجىم قۇرئان كەرىمنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىرائەت قىلىدىغان، داڭلىق قارى بولغانىنىڭ سىرتىدا،

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بېغىشلاپ يېزىلغان «مەۋلۇدى بەرزەنجى» دېگەن ئەرەبچە نەسرىي ئەسەرنى يادقا ئوقۇيالايدىغان خوتەندىكى بىردىنبىر قارى شەمسىددىن قاراجىم ئىدى. مەرھۇم قاراجىم ئوقۇغان قۇرئان كەرىم ۋە مەۋلۇدنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى يېقىنقى زامانلارغا قەدەر خوتەن خەلقى ئارىسىدا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، ئەتىۋارلىنىپ ساقلانغان.

مەرھۇم شەمسىددىن قاراجىم ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، مەخسۇس بالا ئوقۇتۇپ، قارى تەربىيەلەۋاتقان كۈنلەردە سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ، 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (رامىزاننىڭ 27 - تاڭ ئاتار كېچىسى) مەرھۇمغا ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان بۇ دۇنيادىكى ئۆمۈر مۇساپىسى ئاخىرلىشىپ، يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختاپ، كۆزى مەڭگۈگە يۇمۇلدۇ. مەرھۇمنىڭ نامىزى ئوقۇلۇپ، جەسىتى خوتەن خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇزۇن يىل ئۆزى تەربىيەلەپ

يېتىشتۇرگەن يۇزلەرچە تالىپلىرى ۋە دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ كۆز يېشى ۋە نالە - پەريادى بىلەن قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېلىنىپ، خوتەن شەھىرىكى تەيۋىزىم قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.



# ئابدۇللاھ روزى داموللا ھاجىم

(2003–1920)

ئابدۇجېلىل تۇران

20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەندە شۆھرەت قازىنىپ ئالەمدىن ئۆتكەن مۇھەممەد شېرىف داموللام، توختى ئاخۇن داموللام، ئىسراپىل داموللام، مۇھەممەد شېرىف مۇپتى ئاخۇنۇم، ھۇشۇر نىياز مۇپتى ئاخۇنۇم... قاتارلىق داڭلىق ئۆلىمالاردىن كېيىن يېتىشكەن ئۆلىمالاردىن بىرى مەرھۇم ئابدۇللاھ روزى داموللا ھاجىمدۇر.

«ئابدۇللاھ قارى مەخسۇم» دەپ ئاتىلىپ،

خوتەن خەلقىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە نائىل بولغان كاتتا ئالىم ئابدۇللاھ روزى داموللام تەخمىنەن 1920 - يىللىرى خوتەننىڭ قاراقاش دەرياسى بويىغا جايلاشقان چاتاق يېزىسىدا دىيانەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك يېشىدىلا (ئون ياشقىمۇ توشماستا) قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاپ بولغان. قۇرئان كەرىمنى يادلاپ بولغاندىن كېيىن، دىنىي ئىلىملەرنى تەھسىل قىلىشقا باشلىغان ۋە خوتەندە بىر قاتار دەرسلىكلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كاشغەرگە بېرىپ، كاشغەردىكى خانلىق مەدرىسە قاتارلىق مەدرىسەلەردە ئىمىن ئاخۇن مەۋلىۋى داموللام ۋە سالىھ داموللام قاتارلىق داڭلىق مۇدەررىسلەرنىڭ قولىدا ئۇزۇن يىل ئوقۇغان؛ كاشغەر مەدرىسەلىرىدە ئوقۇش قارار قىلىنغان پۈتۈن دەرسلىك كىتابلارنى ئوقۇپ، كىلاسسىك ئىسلام ئەسەرلىرى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئوقۇشنى تاماملاپ، «داموللام» دېگەن ئالىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن.

ئابدۇللاھ روزى داموللام مەدرىسەنى

تامامـلاپ «دامولـلا» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، كاشىغەر مەدرىسەلىرىدە ئادەتتە ئوقۇتۇلمايدىغان، نى - نى مۇدەررىسلەر دەرس ئۆتۈپ بېرەلمەيدىغان، خۇراسانلىق ئالىم ئەبۇلقاسىم زەمەخشەرىينىڭ ئىسلام دۇنياسىدا يۇكسەك شۆھرەتكە ئىگە تەپسىرى «تەپسىر كەششاف»نى كاشىغەردە ئىمىن مەۋلىۋى دامولـلامنىڭ قولىدا يالغۇز دەرس ئېلىپ ئوقۇغان.

كاشىغەر خانلىق مەدرىسەسىنىڭ داڭلىق مۇدەررىسى ئىمىن ئاخۇن مەۋلىۋى دامولـلام «خوتەندىن كەلگەن تالىپلار بەك كۆپ، ئەمما بۇلاردىن مولـلا بولغىنى پەقەت ئۈچ» دەپ ئالاھىدە ماختىغان ئۈچ ئالىمنىڭ بىرى مەرھۇم ئابدۇللاھ روزى دامولـلام بولسا، يەنە بىرى مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان دامولـلام بولۇپ، ئۈچىنچىسى كېرىيەلىك مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن ئاخۇن دامولـلام (بۇرھان) ئىدى.

ئابدۇللاھ روزى دامولـلا ھاجىم 1954 - يىللىرى يۇكسەك ئىلمىي ئۇنۋان بىلەن خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، خوتەن شەھەر ئىچىدىكى بىر

مەدرىسەدە مۇدەررىسلىك قىلىشقا باشلايدۇ. داموللام خوتەندە مۇدەررىس بولغاندىن كېيىن، خوتەندىكى نى ـ نى ئۆلىماالار دەرس ئۆتۈپ بېرەلمەيدىغان قىيىن كىتابلاردىن «مەن دەرس ئۆتىمەن» دەپ ئەينى زاماندىكى خوتەننىڭ ئۆلىما ۋە مۇدەررىس تەبىقىلىرىگە دۇئېل ئېلان قىلىدۇ.

ئابدۇللاھ روزى داموللام خوتەندە بىرقانچە يىل مۇدەررىسلىك قىلغاندىن كېيىن، بېيجىڭدا قۇرۇلغان جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنىپ، بېيجىڭغا بارىدۇ. مەرھۇم بېيجىڭدىكى بەزى مۇدەررىسلەردىن ئىلىم جەھەتتە نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولسىمۇ، يەنىلا مەزكۇر ئىنستىتۇتقا مىسىردىن ئۇستازلىققا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان بەھىييۇددىن زەييانىي، شەيخ ئابدۇللەتىف ھامىد سۇلايمان قاتارلىق مىسىرلىق ئۆلىماالاردىن ئىلىم ئۆگەنىشنىڭ سىرتىدا، خەنزۇ تىلىنىمۇ پىششىق ئۆگىنىدۇ.

بېيجىڭدا ئوقۇش جەريانىدا مەلۇم دەرىجىدە سىياسىي تەقىبكە ئۇچرايدۇ. 1960 ـ يىلى بېيجىڭدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ خوتەنگە

قايىتقاندا، بېيجىڭدا ئارخىپىغا يېزىلغان مەلۇم سىياسىي «جىنايەت» بىلەن، ئەينى زاماندا خوتەندە، جۈملىدىن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا تۈرمىگە تاشلانغان سانسىزلىغان ئالىم ـ ئۆلىمالار ۋە زىيالىلار بىلەن بىللە قولغا ئېلىنىدۇ. ئېغىر ئەمگەك، رەھىمسىز زۇلۇم، تىل ـ ھاقارەت، چىدىغۇسىز ئاچلىق ۋە ئازاب ـ ئۇقۇبەت ئىچىدە ئۆتكەن 15 يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 1975 ـ يىلى تۈرمىدىن ئازاد بولۇپ، جەمئىيەتكە چىقىدۇ.

كېرىيە تۈرمىسىدىكى 15 يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن، خوتەن خەلقى داموللامغا ئاجايىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. داموللامنىڭ نام ـ شەرىپى خوتەن خەلقى ئىچىدە يېڭىدىن نامايان بولۇشقا باشلايدۇ.

مەرھۇم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئىككى ـ ئۈچ يىل خوتەن قۇرۇلۇش ئەترىتىدە تامچىلىق قىلىدۇ، كېيىن تىجارەت قىلىدۇ.

1980 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئاتالمىش «ش. ئۇ. ئا. ر. ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى»

تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىش پىلانلىغان، مىلادىيە 1058 - يىلى بۇگۇنكى ئىران مەشھەدنىڭ (قەدىمكى ئىسمى تۇس) غەزال مەھەللىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1111 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئىسلام كالامىزمى ۋە ئىسلام تەسەۋۋۇپىنىڭ پېشۋالىرىدىن ئىمام غەزالىينىڭ «ئىھيائۇل ئۇلۇمىددىن (دىنىي ئىلىملەرنى گۈللەندۇرۇش)» ناملىق ئەسىرى بىلەن، 1624 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ھىندىستانلىق بۈيۈك ئالىم ۋە مۇتەسەۋۋىپ ئىمام رەببانىينىڭ «مەكتۇبات» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشى مەرھۇم ئابدۇللاھ روزى داموللامغا تاپشۇرۇلىدۇ. داموللام شۇ كۈنلەردە 75 يېشىدىن ئايلىق مائاشقا كۈندە ئەتىگەندىن - ئاخشامغىچە ئىشلەپ، مەزكۇر كىتابلارنى تەرجىمە قىلىدۇ.

كىتابنى تەرجىمە قىلىشتا داموللام تەرجىمە قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى، مەن يازاتتىم، شۇنداق قىلىپ «مەكتۇبات»نىڭ بىرىنچى جىلدى، «ئىھيائۇل ئۇلۇمىددىن» ناملىق كىتابىنىڭمۇ خېلى بىر قىسمى تەرجىمە قىلىنىپ قولدىن چىققان. مەزكۇر ئىككى

كىتابنى تەرجىمە قىلىشتىن بۇرۇن، يەنە شۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تاپشۇرمىسى بىلەن، بۇخارانىڭ كىلاباز مەھەللىسىدە مىلادىيە 935 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ، 75 يىل ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن كىلابازىي دېگەن ئالىمنىڭ تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنى تونۇشتۇرىدىغان «ئەتتەئەررۇف لىمەزھەبى ئەھلىتتەسەۋۋۇف (تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنى تونۇشتۇرۇش)» ناملىق كىتابنى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ پۈتتۈرگەن ئىدى. بۇ كىتابلار ئىچكى جەھەتتە پايدىلىنىش ئۈچۈنلا تەرجىمە قىلدۇرۇلغان بولۇپ، نەشر قىلىنىش پىلانىدا يوق ئىدى. مەن شۇ كۈنلەردە داموللامدا كاشغەرلىك ئابدۇلقادىر داموللام توپلاپ چىققان «مىفتاھۇل ئەدەب» ناملىق كىتابنى قوشۇمچە دەرس قىلىپ ئوقۇغان ئىدىم. ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن باشقا كىتابلارنىمۇ ئوقۇغان.

داموللام 1982 ـ يىلىدىن تارتىپ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر تىجارەت قىلدۇ ۋە 1980 ـ يىللىرى خوتەندە باشلانغان

ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، خوتەن مۇسۇلمانلىرىنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بىدئەت ۋە خۇراپاتچىلىققا قاتتىق قارشى تۇرۇپ، مازار - ماشايىخلاردىن مەدەت تىلەيدىغان، مازارلارغا ئاتاپ مال بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىدىغان، جۈملىدىن ئىمامى جەئفەر سادىق، ئىمامى جەئفەر تەيران، ئىمامى غەزالىي، ئىمامى ئەسكەر، ئىمامى مۇسا كازىم، ئۆزمە مازار غوجام، كۆھمارىم، سەھۋالىم قاتارلىق جايلارغا «تۈنەككە» بېرىپ، نەشە تارتىپ، شەرىئەتتە قەتئىي ھارام قىلىنغان ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغان، قەبرىستانلىقتا قۇرئان ئوقۇپ پۇل ئالىدىغان... يامان، خۇراپىي ئادەتلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، خەلقنى ئىلىم - مەرىپەتكە يېتەكلەيدۇ.

مەرھۇم ئابدۇللاھ روزى داموللام قاتتىق تىرىشچان كىشى بولۇپ، سەدىقە - ئېھسان، ئۆشرە - زاكاتقا تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان بىر بۆلەك تىرىكتاپ موللىلارنىڭ ئەكسىچە، ئۆز مېھنىتىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ. تۇرمىدىن ئىككى قولىنى سېلىپ، قۇرۇق

قول كەلگەن بولسىمۇ، 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ، شۇ چاغدىكى خوتەننىڭ شارائىتىغا نىسبەتەن خېلىلا ھاللىق ئائىلىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ زات تولىمۇ ئاددىي ـ ساددا ياشايدىغان، كەمتەر كىشى ئىدى. باشقىلارنىڭ سوئاللىرىغا زېرىكمەي ـ تېرىكمەي جاۋاب بېرەتتى.

داموللام 1984 ـ يىلى پاكىستان ئارقىلىق سەئۇدىي ئەرەبىستانغا ھەجگە كېلىدۇ. ھەجدىن قايتىپ كېلىپ، بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن تالىپلارغا دەرس ئۆگىتىدۇ.

مەرھۇم ئابدۇللاھ روزى داموللام 1987 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغا قەدەر «شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى»غا خوتەندىن مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇرۇمچىدىكى ئۈچ يىللىق ئۇستازلىق ھاياتىدا نۇرغۇن ياشلارنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سالىدۇ. 1989 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھاقارەت قىلىدىغان «جىنسىي تۇرمۇشقا دائىر ئۆرپ ـ ئادەتلەر» ناملىق كىتابقا

قارشى ئۇرۇمچىدە ئىسلام ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇغۇچىلار تەرپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان نامايىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان دېگەن گۇمان بىلەن مەكتەپتىن قايتۇرۇلىدۇ. خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، خۇسۇسىي دەرس ئۆگىتىشنى توختاتمايدۇ.

1997 - يىللىرىغا كەلگەندە يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ سالامەتلىكى ياخشى بولمايدۇ. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرى رامىزاندا يەنە سەئۇدىي ئەرەبىستانغا كېلىپ، 1999 - يىلى 3 - ئايدىكى ھەج مەۋسۇمىدا قايتا ھەج قىلىدۇ ۋە رامىزاندا دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كەبىنىڭ ئىچىنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە نائىل بولىدۇ. 1999 - يىلى 4 - ئايلاردا خوتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. مەرھۇم مەككىدە بىرقانچە ئاي تۇرۇش جەريانىدا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ياشىنىپ سالامەتلىكىنىڭ ناچار بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، زامانىمىزدىكى داڭلىق ئالىم يۇسۇپ قەرداۋىنىڭ «ئىلىم دەۋرىدە دىن» ناملىق كىتابى بىلەن، سۇرىيەلىك

مەشهۇر ئالىم ئەلى تەنتاۋىنىڭ «ئىسلام دىنىنى تونۇشتۇرۇش» ناملىق كىتابىنى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ پۈتتۈردى.

مەرھۇم خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۈندىن ـ كۈندە سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، 2003 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى (رامىزاننىڭ 25 ـ كۈنى) سەھەر سائەت 02.30 ئەتراپىدا مەرھۇمغا ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان ھايات مۇددىتى ئاخىرلىشىپ، دۇنيادىكى رىزقى ـ نېسىۋىسى تۈگەپ، يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختاپ، كۆزى مەڭگۈگە يۇمۇلدۇ.

**ئىلاۋە:**

مەن بۇ ئەسلىمەمنى مەرھۇم ئۇستازىم ئابدۇللاھ روزى داموللامنى تۇرمىدىن كەلگەندىن كېيىن يەنى 1975 ـ يىللىرىدىن باشلاپ تونۇش، بىللە ئىشلەش ۋە تالىپ بولۇش جەريانىدا مەرھۇمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان ۋە كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەن ئەسلىمىلىرىمگە ئاساسەن يېزىپ چىقتىم. مەرھۇم 1998 ـ يىلى ھەجگە كەلگەندە،

مەككىدە بىرقانچە ئاي تۇرۇش جەريانىدا ئۆز تەرجىمىھالىنى يېزىپ، سەئۇدىي ئەرەبىستاندا مەلۇم بىرەيلەنگە تاپشۇرغان ئىكەن، لېكىن مەن كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدىم.



# مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇم

(1998–1924)

ئابدۇجېلىل تۇران

مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇم 1924 ـ يىلى خوتەننىڭ ئاتچۇي يېزىسىدا، يۇقىرى قاتلام دىيانەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئاتچۇي «خوتەن پادىشاھى» دەپ مەشھۇر بولغان مۇپتى ھەبىبۇللاھ ھاجىمنىڭ يۇرتى بولۇپ، 1864 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خوتەن خەلقى ھەبىبۇللاھ مۇپتى ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قوماندانلىقىدا قوزغىلىپ ۋە خوتەننى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، ھەبىبۇللاھ

مۇپتى ھاجىمنى پادىشاھ قىلىپ سايلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەبىبۇللاھ مۇپتى ھاجىم خەلق ئىچىدە «ھاجى پادىشاھ» دەپ ئاتىلىدۇ. ھاجى پادىشاھنىڭ 30 ئايلىق پادىشاھلىق مەزگىلىدە خوتەندە ئاجايىپ باياشاتلىق ۋە ئاسايىشلىق مەيدانغا كېلىپ، سودىگەرلەر دۇكانلىرىغا قۇلۇپ سالمايدىغان، دېھقانلار دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئاخشىمى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەتمەيدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ.

1867 ـ يىلى ياقۇپ بەگ خوتەندىكى مازارلارنى زىيارەت قىلىمەن دېگەننى باھانە قىلىپ، ھاجى پادىشاھنى مىڭبىر ھىيلە ۋە خىيانەت بىلەن ئالداپ تۇتقۇن قىلىپ، شېھىت قىلىدۇ ۋە ئارقىدىنلا خوتەنگە بېسىپ كېلىپ، بىچارە خوتەن خەلقىنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، ئۇرۇپ ـ چېپىپ، قەتلىئام قىلىدۇ ۋە ئىككى كېچە ـ كۈندۈزدە 50 مىڭغا يېقىن خوتەن مۇسۇلمانلىرىنى شېھىت قىلىپ، خوتەن پادىشاھلىقىنى نابۇت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «شېھىدانە خوتەن» دېگەن سۆز داستان بولۇپ، تارىخقا پۈتۈلىدۇ.

مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇم بەش - ئالتە ياش ۋاقىتلىرىدا دادىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالىدۇ. 1955 - يىللىرىغىچە بىر تەرەپتىن ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن خوتەندە ئەندىلىپ ئاخۇنۇم (خوتەن سېرغىز يېزىسىدىن بولۇپ، 1986 - يىلى ۋاپات بولغان)، تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن داموللام (مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بامدات نامىزىغا ماڭغاندا غايىپ ئوق تېگىپ شېھىت بولغان)، رەجەپ ئاخۇن داموللام (خوتەن شەھەر ئىچىدىن بولۇپ، 1980 - يىللىرى ۋاپات بولغان)، خوتەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاتۇشلۇق ئابدۇلباقىي ئاخۇن داموللام قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالىدۇ. بىر قاتار دەرسلەرنى ئوقۇپ تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قاغىلىققا بېرىپ ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ھاجىم، ياسىن ئاخۇن داموللام (1975 - يىلى ۋاپات بولغان قاغىلىقلىق داڭلىق ئالىم) قاتارلىقلاردىن دەرس ئالىدۇ. ئاندىن كاشىغەرگە بېرىپ، كاشىغەر مەدرىسەلىرىدە سۇلايمان ئاخۇن داموللام (سۇلايمان ئاخۇن داموللام ئەسلىدە خوتەنلىك بولۇپ، كاشىغەر ساجىيە

مەدرىسەسىنىڭ داڭلىق مۇدەررىسلىرىدىن بىرى، 1992 ـ يىلى كاشغەردە ۋاپات بولغان)، ئىمىن ئاخۇن مەۋلىۋى (1973 ـ يىللىرى ۋاپات بولغان كاشغەر خانلىق مەدرىسەسىنىڭ كاتتا مۇدەررىسلىرىدىن) ۋە باشقا ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ قولىدا ئوقۇپ، 1959 ـ يىلى كاشغەردىكى مەدرىسەلەر پېچەتلەنگەندە خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، تىجارەت قىلىدۇ. 1960 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغا قەدەر خوتەندە 14 ـ دېھقانچىلىق رايونى (دادۇي) دا بوغالتىرلىق قىلىدۇ.

1969−1971 ـ ۋە 1974−1976 ـ يىللىرى «قاراڭغۇ بازارچى» دېگەن «جىنايەت» بىلەن بىرىنچى قېتىم 25 ئاي 13 كۈن، ئىككىنچى قېتىم 27 ئاي 13 كۈن، جەمئىي 53 ئاي تۈرمىدە ياتىدۇ. چۈنكى، ئۇ يىللاردا ئوغرىلىق قىلىشتىن تىجارەت قىلىش چوڭراق جىنايەت ھېسابلىناتتى. (1968 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، ئۆيدە باقىدىغان، ئەمما شۇنداق «قاراڭغۇ بازارچىلىق»قا ئىشلەتكەن بىرنىڭ قارا ئېشەكمۇ 9 ئاي تۈرمىگە قامالغان ئىدى).

1976 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم تۈرمىدىن

چىققاندىن كېيىن، 1983 ـ يىلىغىچە خوتەن قۇرۇلۇش ئەترىتىدە بوغالتىرلىق قىلغان. 1980 ـ يىللىرى خوتەندە باشلانغان يېڭى ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ئاساس سالغۇچى 15–18 يىل ئەتراپىدا تۈرمىدە «ئۆزگىرىپ» كەلگەن ئابدۇللاھ قارىم، ئابدۇلئەزىز قاراجىم، ئابدۇللاھ روزى داموللام، مۇھەممەد قۇربان داموللام قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، خوتەندە، جۈملىدىن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا يامراپ كەتكەن خۇراپاتلىق، بىدئەتچىلىك ھەرىكىتىگە قاتتىق قارشى تۇرۇپ، مازار ـ ماشايىخلارغا چوقۇنماسلىقنى، مازارلارنى تاۋاپ قىلماسلىقنى، مازارلارغا تۇغ ـ ئەلەم تىكمەسلىكنى، مازارلارغا كالا ۋە قوچقارلارنى ئاپىرىپ قۇربانلىق قىلماسلىقنى، مازارلاردا قۇرئان ئوقۇپ پۇل ئالماسلىقنى، ناماز ھەققى ئالماسلىقنى، «رەدنامە» ئوقۇماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان. بىر قىسىم جاھالەتپەرەس سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ئىسلامىيەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان بىر بۆلەك ناچار، خۇراپىي ئادەتلىرىنى نۇرغۇن توسقۇنلۇقلارغا پەرۋا

قىلماي، قاتتىق تەنقىد قىلغان.

مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇم 1983 ـ يىلى پاكىستان–قونجىراپ يولى ئارقىلىق سەئۇدىي ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلىدۇ. سەئۇدىي ئەرەبىستانغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە مۇھاجىر بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر ئالىم ـ ئۆلىمالاردىن ئۇستاز مۇھەممەد قاسىم ھاجىم، مۇھەممەد سابىت داموللام (خوتەن گۇمىدىن بولۇپ، 1994 ـ يىلى جىددىدە ۋاپات بولغان)، قارى قۇرئان ھافىز قاراجىم (ھافىز قاراجىم مەدىنىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان گۇمىلىق كىشى بولۇپ، قىرائەت ئىلمىدە ئەرەبىستاندا تونۇلغان كىشى ئىدى)، ئابدۇلھەمىد مەۋلىۋى، ئابدۇسساتتار مەۋلىۋى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، دوست بولۇشىدۇ. شۇ ھەجدىن كېيىن، سەئۇدىي ئەرەبىستاندا تۆت ـ بەش ئايدەك تۇرۇپ، يىل ئاخىرىدا تۈركىيەگە كېلىدۇ. تۈركىيەدە بەش ـ ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن پاكىستانغا كېلىپ، 1984 ـ يىلى پاكىستاندىن قايتا ھەجگە بېرىپ، ھەجدىن كېيىن يەنە پاكىستانغا

قايتىپ كېلىدۇ.

1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا 10 بالىنى ئېلىپ، پاكىستاندىن قەدىمىي دىيار مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەگە باردۇ. قاھىرەگە كەلگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچى بالىلارنىڭ ئالىي ئىلىم يۇرتى بولغان «ئەزھەر»دە ئوقۇشقا ئورۇنلىششى ئۈچۈن يول ماڭىدۇ، بۇ يولدا قاھىرەدە بىر بۆلەك مىسىرلىق ئالىملار بىلەن تونۇشۇپ، دوستلىشىدۇ. مىسىردا ئىككى ئايدەك زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن، سەئۇدىي ئەرەبىستان–پاكىستان يولى بىلەن خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، خوتەندە ئۆز ئۆيىدە تالىپ ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ. ئوقۇتۇلغان دەرسلەر نەھۋى ـ سەرپ (ئەرەب تىلى مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس ئىلمى)، بالاغەت (ئىستىلىستىكا)، ھەدىس، فىقھە ۋە تەپسىر قاتارلىق ئىلىملەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئوقۇيدىغان تالىپلارنىڭ سانىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باردۇ. 1989 ـ يىلىغا كەلگەندە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن دەرس ئوقۇتۇشنى توختىتىدۇ. 1992 ـ يىلى تۈركىيەگە كۆچۈپ كېلىپ، 1997 ـ يىلى

خوتەنگە قايتىپ كېتىدۇ. 1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى (رامىزاننىڭ 4 ـ كۈنى) كېچە سائەت 01.30 ئەتراپىدا ئاللاھ تائالا مەرھۇمغا تەقدىر قىلغان بۇ دۇنيادىكى ھايات مۇددىتى ۋە رىزقى ئاخىرلىشىپ، يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختاپ، كۆزى مەڭگۈگە يۇمۇلىدۇ.

شۇ كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن نامىزى ئوقۇلۇپ، تۆت مىڭدىن ئارتۇق جامائەتنىڭ ئىشتىراكى بىلەن 80 دىن ئارتۇق ماشىنىدا «ئالىمنىڭ ئۆلگىنى ئالەمنىڭ ئۆلگىنى» دېگەندەك، ئاجايىپ داغدۇغا ۋە ھەيۋەت بىلەن ئۆز يۇرتى ئاتچۇي مازارلىقىغا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ.



# مەمتىمىنجان داموللام

(2016–1964)

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان، ۋەتىنىمىزنىڭ يېقىنقى زامان دىنىي مائارىپىدا چاقنىغان ۋە خىتاي زىندانلىرىدا شېھىت قىلىنغان، ھارماس ئۇستاز مەمتىمىنجان داموللام 1964 - يىلى ئىلىم – مەرىپەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان خوتەننىنىڭ گۇما ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە چىن قەلبىدىن ئىشتىياق

باغلىغان بولۇپ، دەسلەپكى ئوقۇشىنى گۇما ناھىيەسىدىكى ئۇستازلاردا تاماملىغاندىن كېيىن، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش مەقسىتىدە قاغىلىقى ناھىيەسىدىكى يېتۈك ئۇستاز ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ يېنىغا كەلگەن ھەمدە ئىخلاسمەنلىكى ۋە زېرەكلىكى بىلەن مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشىگە مۇشەررەپ بولغان.

ئۇستاز مەمتىمىنجان داموللام ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ مەدرىسەسىدە ئىلىم خەتمە قىلغاندىن كېيىن، ئىزچىل ھالدا ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى شەھەر - ناھىيەلىرىدىن نۇقتىلىق شاگىرت تۇتۇپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، شۇنداقلا ھەرقانداق قىيىن شارائىتلاردىمۇ، ۋەزىيەت كەسكىنلەشكەن بوران - چاپقۇنلاردىمۇ دىنىي ساھەدە ئىلىم – مەرىپەت تارقىتىشنى توختىتىپ قويمىغان.

ئۇستاز ۋەتىنىمىزدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد ئۆلىمالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئۇستازى

بولۇپ، پۈتۈن ئەھلى ئىلىملەرنىڭ دىنىي مەسىلىلەردىكى ئىشەنچلىك مۇراجىئەتگاھى ئىدى. مەتنىمىنجان داموللام 2014 - يىلى 11 - ئايدا غۇلجىدا تۇتقۇن قىلىنىپ، 2015 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قويۇپ بېرىلگەن، ئاندىن 2016 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى گۇما كۆكتېرەكتىكى ئۆيىدىن قايتا تۇتۇپ كېتىلگەندىن بۇيان ھېچقانداق ئىز - دېرىكى بولمىغان. مەرھۇم ئۇستاز خىتاي زىندانلىرىدا شېھىت قىلىنغان بولۇپ، ئائىلىسىگىمۇ پەقەت تېلېفۇن ئارقىلىقلا خەۋەر قىلىنغانلىقى مەلۇم، ئەمما قايسى تۈرمىدە، قاچان شېھىت قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

مەتنىمىنجان دامولام ۋەتىنىمىزدىكى ئۆلىمالار ئىچىدە كەم تېپىلىدىغان ئىلمىي ئىستېداتقا، يۈكسەك ئەخلاققا ئىگە پەزىلەتلىك كىشى ئىدى، ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئۆلىمالارنى دىنىي ساھەدە ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى پەتىۋا ۋە يېڭى - يېڭى مەسىلىلەردىن ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەردار قىلاتتى. پىتنە - ئىغۋا، جېدەل -

ماجىرالاردىن يىراق تۇرۇپ، ساغلام ۋە مۆتىدىل يول تۇتۇشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان ئىدى.

مەن كەمىنە، مەمتىمىنجان داموللام ۋە ئابلىپىزھاجىم قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ 1991 - يىلى گۇمىغا ئوقۇغىلى چىققان ئىدىم.مەمتىمىنجان داموللامدا «شەرھى تەلخىس» ۋە «ئىساغۇجا» قاتارلىق كىتاپلارنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. ئۇ يىللىرى گۇمىنىڭ كۆكتېرەك يېزىسىدا شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن نەچچە مىڭ تالىپلار بار ئىدى. ھەسىز يېتىپ قوپىدىغانغا ھويلىسىدىكى بىرەر ئېغىزلىقتىن ئۆيلىرىنى بەرگەندىن سىرت يەنە بىزگە تاماق جەھەتتىنمۇ ياريۆلەك بولغان ئاقكۆڭۈل گۇما خەلقىنى زىنھار ئۇنۇتمايمەن.بولۇپمۇ گۇما بازىرىدىكى چوڭ جەمەنىڭ يېنىدا كەڭ قوروسى بار نۇراخۇن ئىسىملىك نۇريۇزلۇك بۇۋاي بەلكىم ئاللىبۇرۇن ئۇ ئالەمگە كېتىپ بولغاندۇ.ئۇكىشى ۋە مەن ئىسمىنى ئۇنتۇغان رەپىقىسىنىڭ بىزگە قىلغان ئاتىدارچىلىقى ئۈچۈن ھەرزامان دۇئايىمدا ئەسلەيمەن.



# ئابدۇقەييۇم ھاجىم

(2020–1957)

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

ئابدۇقەييۇم ھاجىم 1957 – يىلى گۇما ناھىيەسىدە مۇجاھىد ئۆلىما، ئۇستاز ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىككى ياش ۋاقتىدا يەنى 1959 - يىلى دادىسى ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىم خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

ئابدۇقەييۇم ھاجىمنىڭ دادىسى ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىم خىتاي زىندانلىرىدا ئېغىر خورلۇق ۋە زۇلۇم تارتقان بولسا، ئابدۇقەييۇم ھاجىم، ئانىسى ۋە ئىككى ئاچىسى بىلەن جەمئىيەتتە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىنسانىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان ھەر تۈرلۈك جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەردىن خورلاشقا ئۇچراش بىلەن بىرگە پەننىي ۋە دىنىي بىلىملەردە ئوقۇپ، تەربىيەلىنىشتىن مەھرۇم قالغان. دادىسى ئۇستاز ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىم قاماقتىن بوشاپ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، 1979 - يىلىدىن باشلاپ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر يېشى بىر ئاز چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، دادىسىدىن تەلىم - تەربىيە ئېلىپ، خېلى يېتىشكەن ئۆلىما بولۇپ قالغان. دادىسى ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىم تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئىزچىل دادىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قولىدىن كېلىشىچە قاغىلىق خەلقىنىڭ دىنىي خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان.

ئابدۇقەييۇم ھاجىم 2017 - يىلى ئائىلە بويىچە خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ھەمدە ئۆيلىرى ۋە ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۇستاز ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىم باشچىلىقىدا سېلىنغان مەسچىت چېقىپ تۈزلىۋېتىلگەن. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئابدۇقەييۇم ھاجىمنىڭ 2020 - يىلى 8 - ئايلاردا تۈرمىدە شېھىت بولۇپ كەتكەنلىكى مەلۇم.

ئابدۇقەييۇم ھاجىمنىڭ بوۋىسى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىممۇ 1937 - يىلى جاللات شىڭشىسەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز بىلەن بىرگە بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. دادىسى ئۇستاز ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىممۇ 1936 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە ئىككى يىل (دادىسى بىلەن بىرگە)، 1947 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە ئىككى يىل، 1954 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە ئىككى يىل، 1959 - يىلىدىن 1979 - يىلىغىچە 20 يىل بولۇپ، جەمئىي 26 يىل دىنى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن خىتاي زىندانلىرىدا ياتقان.

ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىم 1979 - يىلىدىن 1993 - يىلى ۋاپات بولۇپ كەتكەنگە قەدەر 14 يىللىق ھاياتىدا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىزچىل نازارىتى، پاراكەندىچىلىكى ۋە تەقىبى ئاستىدىمۇ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، مىنۇت، سېكۇنت ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تالىبۇلئىلىملەرنى تەربىيەلەش بىلەن بىرگە ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەبلىغ - تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىكى مىللىي ۋە دىنىي جەھەتلەردىكى ئويغىنىش ۋە گۈللىنىش كەيپىياتى بارلىققا كەلتۈرگەن.

بۇ جەرياندا ئابدۇقەييۇم ھاجىم دادىسى ئۇستاز ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىمنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن قوللاپ، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ۋەتەن، مىللەت ۋە دىن يولىدا خىزمەت قىلىش شارائىتىنى ئىزچىل يارىتىپ كەلگەن.

ئابدۇقەييۇم ھاجىم دادىسىدەك كىچىك پېئىل، خۇشخۇي، چىقىشقاق، كەمتەر،

ياردەمسۆيەر، ۋەتەنپەرۋەر ئۆلىما ۋە جامائەت ئەربابى ئىدى.

# يېقىنقى دەۋردە خوتەندە تۇتۇلۇپ كەتكەن ئۆلىمالار

ئابدۇۋېلى ئايۇپ & ھېيتاخۇن مەمتىمىن

1. ئابلېكىم قارىم. خوتەن، چىرا ناھىيە، نۇرى يېزا، يالغۇزباغ كەنتىدىن. مەمەتئېلى ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ تالىپى بولۇپ، 2017 - يىلى تۇتۇلغانلىقى مەلۇم. ھازىرغىچە قەيەرگە قامالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

2. غولام مۇھىيىددىن داموللام. خوتەن شەھەر، يۇرۇڭقاش يېزا، 1973 - يىلى تۇغۇلغان، دەۋەتچى ناتىق ئۆلىما. 2015 - يىلى تۇتۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە قەيەرگە قامالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

3. ئىلياسخان داموللام. خوتەن شەھەر، يۇرۇڭقاش بازىرىدىن بولۇپ، 2017 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بەش يىللىق قاماقتىن بوشاپ، ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىپ، ھەپتىدىن كېيىن يەنە قولغا ئېلىنىپ، 10

يىل كېسىۋېتىلگەن.

4. ئابلىمىت مەتتوختى داموللام. خوتەن شەھەر، ئىتتىپاق مەسچىتى ئىمامى ۋە خاتىپى بولۇپ، مۇددەتسىز كېسىلگەن.

5. مۇھەممەد ئەمىن قاراجىم، خوتەن شەھەرلىك. 2016 - يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا 11 يىللىق كېسىلگەن ۋە شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنە 10 يىل قوشۇلۇپ، جەمئىي 21 يىل كېسىلگەن.

6. ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ھاجىم، 10 يىللىق كېسىلگەن. چوڭ خانىقانىڭ ئىمامى، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ناھىيە ئىچىدە يۇرت ئاتىسى دەپ تەرىپى بار.

7. ئىمىن داموللام. كېرىيە چوڭ جامە ئىمامى ۋە خاتىپى. 30 يىللىق كېسىلگەن.

8. ئابدۇررەئۇف ھاجىم، خوتەن شەھەر. 10 يىللىق كېسىلگەن. ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئوغلى.

9. مەھمۇد قارىم (شەيخىم، داموللام)، يۇرتى

خوتەن، گۇما. 2014 - يىلى 6 - ئايلاردا قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، 2015 - يىلى 6 - ئايدا كېسەل سەۋەبلىك سىرتقا چىققان، كېيىن يەنە تۇتۇلغان. 2019 - يىلى 12 - ئايلاردا تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى چىققان، ئەمما راسىمۇ - يالغانمۇ ئېنىق ئەمەس.

10. ئابلىمىت قاراجىم. خوتەن دارۇلئىمان مەسچىتىدە خىزمەت قىلغان، كېيىن تۇتۇلۇپ قامالغان ۋە 10 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان.

11. مۇھەممەد ئەمىن قارىم، خوتەن شەھەر. 10 يىللىق كېسىلگەن. دوختۇر، ئىلىم ئەھلى، مۇدەررىس ھەم دەۋەتچى، ساداقەت دوختۇرخانىسىنىڭ خوجايىنى، ناۋاغ، نۇربۇلاق تەۋەلىكىدىن.

12. جۇمەنىياز داموللام، خوتەن، قاراقاش ناھىيە. 10 يىللىق كېسىلگەن. قوچى مەھەللە جامەسىنىڭ خاتىپى، دەۋەتچى ۋە مۇدەررىس.

13. ئابدۇرېھىم قاراجىم، خوتەن شەھەر. 10 يىللىق كېسىلگەن. ئويباغ مەدرىسەسىدە

دەۋەتچى.

14. كامال داموللا ھاجىم، گۇما ناھىيە. 15 يىللىق كېسىلگەن. سانجۇ مەھەللە جامەسىنىڭ خاتىپى.

15. ئەخمەتخان داموللام، گۇما، زاڭگۇيلۇق دەۋەتچى بولۇپ، 10 يىللىق كېسىلگەن.

16. مۇھەممەد ئابدۇللا داموللام، 10 يىللىق كېسىلگەن. ئاچچىغ قوشتاغ مەھەللە جامەسىنىڭ خاتىپى. 10 يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، قايتا تۇتۇلۇپ، 10 يىللىق كېسىلگەن.

17. ئەخمەتجان (قارتاغىز) داموللام. 9 يىللىق كېسىلگەن. قارتاغىزلىق دەۋەتچى، مۇدەررىس، مەھەللە جامەسىنىڭ خاتىپى.

18. ئابلېكىم ئابدۇقادىر داموللام، گۇما بازىرىدىن، دەۋەتچى بولۇپ، 15 يىللىق كېسىلگە ن .

19 . ياقۇپچان داموللام، ئالمىلىق مەھەللە مۇدەررىسى، دەۋەتچى بولۇپ، 10 يىللىق كېسىلگە ن .

20. مەتتۇرسۇن ئاخۇن خەلپىتىم، شەنبە بازارلىق مۇدەررىس بولۇپ، 10 يىللىق كېسىلگە ن .

21. مۇھەممەد قاسىم قاراجىم، قاراقاش ناھىيە، زاۋلىق مۇدەررىس بولۇپ، 9 يىللىق كېسىلگەن.

22. ئابدۇلئەزىز قارىم، خوتەن شەھەر، ناۋاغ تەۋەلىكىدىن. مۇدەررىس ھەم دەۋەتچى بولۇپ، 10 يىل كېسىلگەن.

23. سەيپىدىن قارىم، خوتەن، نىيە ناھىيەسىدىن. دەۋەتچى بولۇپ، 7 يىل كېسىلگە ن .

24. مەتىمىنجان يۇنۇس داموللام، 56 ياش، خوتەن، گۇما ناھىيەسىدىن. ئاتاقلىق ئابلىكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ، ۋەتەندىكى نوپۇزلۇق ئۆلىمالاردىن بىرى. داموللام 2015 - يىللىرى تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىز - دېرىكى يوق.

25. نەبىخان مەخسۇم ھاجىم، لوپ

ناھىيەلىك، چوڭ جامەنىڭ خاتىپى. لوپ ناھىيە، ھاڭگىيا يېزا، يېڭىباغ كەنتىدىن. 2017 - يىلى تۇتقۇن قىلىنىپ، 15 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان.

26. ئابدۇقادىر سالىھ، 65 ياش، لوپ ناھىيە، ھاڭگىيا يېزا، خوراز توغراق كەنتى مەسچىتىنىڭ ئىمامى. 2017 - يىلى تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، ھېچقانداق خەۋەر يوق.

27. ئۇبۇلھەسەن قارىم، لوپ ناھىيە، ناۋا يېزا، گىجارىش كەنت مەسچىتىدە ئىمام. 2017 - يىلى تۇتقۇن قىلىنغاندىن بېرى ھېچقانداق ئۇچۇر يوق.

28. ئابدۇسالام قارىم، لوپ ناھىيە، ھاڭگىيا يېزا، ھادىقۇم كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى. 2017 - يىلى تۇتقۇن قىلىنغاندىن بېرى خەۋەر يوق.

29. ئىمامنىياز ھاجىم، خوتەن شەھەر، تەۋەككۈل يېزىسىدىن. خوتەن شەھەر ئىچىدىكى بەيتۇلمەئمۇر مەسچىتىنىڭ خاتىپى. 2017 - يىلى تۇتقۇن قىلىنغان.

30. ئابدۇقەييۇم ئابدۇمىجىت، خوتەن شەھەر بەيتۇللاھ مەسچىتىنىڭ خاتىپى. خوتەن شەھەر، جامە يولى، شاللىق مەھەللىسىدىن.

31. روزىمەمەت قارىم، لوپ ناھىيە، ئاچچىق يېزىسىدىن. خوتەن شەھەر، شاللىق مەھەللە، تاڭنۇرى مەسچىتىنىڭ ئىمامى. 2016 - يىلى تۇتقۇن قىلىنغان.

32. ئەخمەتتوختى قارىم، خوتەن شەھەر، روك يېزىسىدىن. خوتەن شەھەر، شاللىق مەھەللە، تاڭنۇرى مەسچىتىنىڭ خاتىپى. 2016 - يىلى تۇتقۇن قىلىنغان.

33. ئاتاۋۇللا ئابدۇكېرىم، لوپ ناھىيە، دۆۋەت يېزا، 2 - كەنت (دادۇي)، 6 - مەھەللە (شودۇي) مەسچىتىنىڭ خاتىپى. 2018 - يىلى تۇتقۇن قىلىنغان.

34. ئابدۇرېھىم تۇرسۇنتوختى. 1983 - يىلى خوتەن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 2005 - يىلىدىن 2010 - يىلىغىچە ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، 2014 - يىلى خوتەن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان، 2018 - يىلىدىن بېرى ئىز - دېرىكى يوق.

35. مۇھەممەد ئەمىن قاراجىم، 21 يىللىق كېسىلگەن (ئۈچۈرلىرى كەمچىل).

36. ئابدۇللاجان داموللا ھاجىم، 1968 - يىلى تۇغۇلغان، دادىسىنىڭ ئىسمى بەكىر، يۇرتى: خوتەن، قاراقاش، تۇۋەت يېزا. 2017 - يىلى تۇتۇلۇپ، 10 يىللىق كېسىلگەن. ھازىرقى ئولتۇراق جايى قاراقاش بازار، 14 - كەنت (دادۇي). تۇۋەت يىزا، چاۋاغ كەنتتىكى مۇھەممەت تۇرسۇن دامولla ھاجىمدا ئوقۇغان. كېيىن ئۈرۈمچى ئىسلام ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. قاراقاش ناھىيەلىك جامەنىڭ ئىمام خاتىپلىقىنى قىلىۋاتقاندا، 2017 - يىلى رامىزانغا بىر ھەپتە قالغاندا تۇتۇلغان.

37. مەمەت ئابلا خۇدابەردى دامولام، گۇما ناھىيەسى بازار ئىچىدىن. 2015 - يىلى تۇتۇلغان. دىنىي دەۋەتچى، مۇدەررىس ۋە قوشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ تالىپلىرىدىن.

38. مەمەت يۇسۇپ مەمتىمىن دامولام، گۇما ناھىيەسىدىن، بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى.

«تەبلىغ قىلدىڭ، ئادەم تەشكىللىدىڭ» دىگەن بەتنام بىلەن مۇددەتسىز قامالغان.

39. ئابدۇلھەفىز مىتىۋىللا داموللام، گۇما ناھىيە، نىشاندار يېزىسىدىن، دەۋەتچى ۋە تىجارەتچى، كارخانىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

40. ئابلىمىت يۈسۈپ داموللا ھاجىم، گۇما ناھىيە، موجى يېزىسىدىن. قاغىلىقلىق ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ تالىپى، مۇدەررىس، دەۋەتچى، تىجارەتچى ۋە شىركەت ساھىبى. 2015 - يىلى تۇتۇپ كېتىلگەن بولۇپ، ئىز - دېرىكى يوق.

41. ئابلاخان داموللا ھاجىم، فامىلىسى ئابلا مەمەت، گۇما ناھىيەسى، موجى يېزىسىدىن بولۇپ، يېتىشكەن مۇدەررىس، موجى چوڭ خانىقانىڭ ئىمامى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ بۇرۇندىن تىجارەت، دېھقانچىلىق ۋە يېزا - ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 2016 - يىلى تۇتۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئىز - دېرىكى يوق.

42. نۇرمەمەتخان داموللام، ئىسىم - فامىلىسى

نۇرمەمــەت مەمــەت، گــۇمــا ناهــيــە، كــۆكــتــېــرەك يېزىسىدىن بولۇپ، مۇدەررىس دەۋەتچى، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 2016 - يىلى تۇرمىگە قامالغان بولۇپ، هازىرغىچە ئىز - دېرىكى يوق.

43. ئابدۇلھەفىزخان مەخسۇم، گۇما ناھىيەسىدىن، بازار ئىچىگە قارايدىغان ئودىيان مەسچىتىنىڭ ئىمامى، قانچە يىللىق كېسىلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

44. ھەبىبۇللاخان مەخسۇم، گۇما ناھىيە، نىشاندار يېزىسىدىن بولۇپ، داڭلىق مۇدەررىس. گۇما ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن ياش ئەۋلادلارنى تەربىيەلىگەن. 2015 - يىلى تۇرمىگە تاشلانغان، ھازىرغىچە خەۋىرى يوق.

45. ئىمىن ئابدۇراخمان (داموللام). 1972 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى، كېرىيە ناھىيە بازار ئىچى، تاختا كۆۋرۈك مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى كېرىيە ناھىيەسىدە ئوقۇش بىلەن بىللە، كېرىيەدىكى ئاتاقلىق ئۆلىما مەتتوختى

خەلىپىتاجىم مۇغاللا كەنتىدە ئاچقان دىنىي مەدرىسەدە ئوقۇغان. 1987 - يىلى ئۈرۈمچى ئىسلام ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، كېرىيە ناھىيەسى بويىچە تاللانغان. 1992 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كېرىيە ناھىيەلىك چوڭ جامەنىڭ مۇئاۋىن ئىمامى ۋە خاتىپى بولۇپ تەيىنلەنگەن. شۇ جەرياندا قوشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، 2000 - يىللارغا قەدەر ناۋات زاۋۇتى، كەمپۈت زاۋۇتى قۇرۇش ئارقىلىق ناھىيەنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بايلىرىغا ئايلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر خىل سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ جەرياندا 2005 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ۋە كېرىيە ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىگە ئايلىنىپ، كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن. 2016 - يىلى 11 - ئايدا بېيجىڭغا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ چوڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 12 - ئاينىڭ 5 - ياكى 6 - كۈنى كېرىيەدىكى

ئۆيىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن. ئاساسلىق جىنايىتى: 2010 - ۋە 2012 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ھەج ئۆمىكىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئىككى قېتىم ھەجگە بارغان. شۇ جەرياندا باشقىلارغا بەدەل ھەج قىلدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن 200 مىڭ دوللار پۇلنى چەتئەلگە ئېلىپ چىققان ۋە ھەج بەدەل قىلدۇرغان. 2016 - يىلى داموللام ۋە ھەج بەدەل ئۈچۈن پۇل بەرگەن 139 ئادەم چەتئەلگە مەبلەغ يۆتكىگەن، بۆلگۈنچى كۈچلەرنى قوللىغان دېگەندەك باھانىلەر بىلەن قولغا ئېلىنغان. ئاڭلىشىمچە، داموللامغا 30 يىل ياكى ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسى بېرىلگەن.

46. نەسىردىنجان مەخسۇم، تېۋىپ، گوما ناھىيەسىدىن بولۇپ، ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملاردىن بىرى. 2016 - يىلى تۈرمىگە تاشلانغان. قانچىلىك ھۆكۈم كېسىلگەنلىكى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس.

47. مەمەت ئابلاخان ئەۋلىيا مەخسۇم، گوما ناھىيەسىدىن بولۇپ، قاغىلىقتا ئوقۇغان ئىلغار ئالىملارنىڭ قاتارىدىن. دىنىي مائارىپ ساھەسىدە نۇرغۇن تۆھپىلەرنى ياراتقان

مۇدەررىس. 2014 - يىلى خوتەندىكى ئۆيىدىن تۇتۇپ كېتىلىپ، 20 يىللىق قاماققا ئېلىنغان.

48. ئېلىخان مەخسۇم، دەۋەتچى، مۇدەررىس، گۇما ناھىيەسىدىن. كېيىنكى مەزگىللەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 2015 - يىلى تۇتۇپ كېتىلىپ، 6 ئاي ئەتراپىدا قامالغاندىن كېيىن، 2016 - يىلى قايتا تۇرمىگە سولانغان، ھازىرغىچە ئىز - دېرىكى يوق.

49 - مەمەت ئابلاخان داموللام (بىڭگور)، گۇما ناھىيەسىدىن، 2015 - يىلى قامالغان، ھازىرغىچە ئىز - دېرىكى يوق.

50. ئابلىمىتخان داموللام، گۇما ناھىيەسىدىن، دەۋەتچى، مۇدەررىس. كېيىنكى مەزگىلدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئىلگىرى «قەبرىستانلىقتا تەبلىغ قىلغان» دېگەن باھانە بىلەن 7 يىللىق كېسىلگەن، 2015 - يىلى 10 يىللىق كېسىلگەن.

51. ئابلىمىت ماخمۇت داموللام، گۇما ناھىيەسىدىن، يېتىشكەن مۇدەررىسلەردىن بىرى. تەخمىنەن 2014 - يىلى تۇرمىگە

سولانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىز - دېرىكى يوق.

52. ئابلېكىمخان داموللام قارتاغىز. قارتاغىز چوڭ جامەنىڭ ئىمامى بولغان، كېيىن مۇددەتسىز قامالغان.

53. ئۆمەرخان مەخسۇم (پىشنا)، گۇما ناھىيەسىدىن، قاغىلىقتا ئوقۇغان، كۆزگە كۆرۈنگەن دەۋەتچى، تىجارەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. تەخمىنەن 2014 - يىلىنىڭ ئاخىرى تۇرمىگە سولانغان بولۇپ، ھېچقانداق ئىز - دېرىكى يوق.

54. ئابدۇقۇددۇس قاراجىم، خوتەن ناھىيە باغچى بازىرىدىن بولۇپ، «ئۇلۇغ ھەزتەم» دېيىلىدىغان يېزا بويىچە ئەڭ چوڭ مەسچىتتە 2005 - يىلىدىن 2015 - يىلىغىچە خاتىپلىق قىلغان. 2015 - يىلى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان، يۈرەك كېسىلى ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرغانلىقى سەۋەبلىك ئۆيىگە كېلىپ - كېتىدىغانلار كۆپ بولغاچقا، سىرتقا چىقىشى ئىككى يىللىق چەكلەنگەن. 2017 - يىلى 7 - ئايدا كېسەل ھالىتىدە

تۇتقۇن قىلىنىپ، 14 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. كېسەلىنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبلىك ئۆيىدە داۋالىنىش، ھېچكىم بىلەن ئالاقە قىلماسلىق شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن، يەتتە ئايدىن كېيىن يەنە ئېلىپ كېتىلگەن.

55. مۇھەممەد سەيدى سىدىق، 40 ياش، 2015 - يىلى شىنجىڭدىن تۇتقۇن قىلىنغان، كېيىن قەشقەردە ئىكەنلىك خەۋىرى كەلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن ھازىرغىچە ئىز - دېرىكى يوق.

56. روزىنىياز تۇرۇپ، 32 ياش، خوتەن، لوپ ناھىيە، ناۋا يېزا، 13 - كەنت 2 - مەھەللىدىن. قارى بولغانلىقى سەۋەبلىك 20 يىللىق كېسىلگەن.

57. مۇھەممەد ئۆمەر مەمتىمىن، 31 ياش، خوتەن، لوپ ناھىيە، سامپۇل يېزا، قارىقىي كەنتىدىن. 2016 - يىلى تۇتقۇن قىلىنغان، تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبى دىن ئۆگەنگەن.

58. ئابلىكىم توختىنىياز، 28 ياش، خوتەن، لوپ ناھىيە، سامپۇل يېزا، قارىقىي

كەنتىدىن. 2013 - يىلى تۇتقۇن قىلىنىپ، 15 يىل كېسىلگەن، تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبى دىن ئۆگەنگەن.

59. ئېلىياخۇن پاراڭ، 48 ياش، خوتەن، لوپ ناھىيە، سامپۇل يېزا، قارىقىي كەنتىدىن. 2016 - يىلى تۇتقۇن قىلىنىپ، 10 يىللىق كېسىلگەن.

60. ئابلېكىم تۇسىنىياز، 29 ياش، خوتەن، لوپ ناھىيە، هاڭگىيا يېزا، خوراز توغراق كەنتىدىن. 2015 - يىلى تۇتقۇن قىلىنىپ، 10 يىللىق كېسىلگەن، تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبى دىن ئۆگەنگەن.

61. ئابدۇۋېلى ئېلى، 24 ياش، خوتەن، لوپ ناھىيە، هاڭگىيا يېزا، خوراز توغراق كەنتىدىن. 2016 - يىلىدىن باشلاپ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن، تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبى دىن ئۆگەنگەن.

62. ئىدرىس مەتروزى، 30 ياش، خوتەن، لوپ ناھىيە، هاڭگىيا يېزا، خوراز توغراق كەنتىدىن. 2015 - يىلى تۇتقۇن قىلىنىپ، 10 يىل كېسىلگەن، تۇتقۇن قىلىنىش

سەۋەبى دىن ئۆگەنگەن.

63. يۇسۇپجان، 22 ياش، خوتەن، لوپ ناھىيە، ھاڭگىيا يېزا، خوراز توغراق كەنتىدىن. 2015 - يىلى تۇتقۇن قىلىنىپ، مۇددەتسىز كېسىلگەن، تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبى دىن ئۆگەنگەن.

64. مۇھەممەد ئابدۇللاھ، 26 ياش، خوتەن، لوپ ناھىيە، ھاڭگىيا يېزا، كونا ھاڭگىيا كەنتىدىن. 2016 - يىلى تۇتقۇن قىلىنىپ، مۇددەتسىز كېسىلگەن، تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبى دىن ئۆگەنگەن.

65. ئەزىز خېلىل، 35 ياش، خوتەن، لوپ ناھىيە، ھاڭگىيا يېزا، خوراز توغراق كەنتىدىن. 2015 - يىلى تۇتۇلۇپ، 8 يىل كېسىلگە ن .

66. ئابدۇراخمان ئىمىن، كېرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، قالغاچ كەنت، 5 -مەھەللە.

67. ئابدۇراخمان كۆكۈ، كېرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، قالغاچ كەنت، 5 - مەھەللە.

68. مەتنىياز قالغاچ ، كېرىيە ناھىيە، ئارال

يېزا، قالغاچ كەنت، 5 - مەھەللە.

69. ئابلىكىم مەتسەيدى، كېرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، قالغاچ كەنت، 4 - مەھەللە.

70. ئابدۇخەبەر مەتسەيدى، كېرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، قالغاچ كەنت، 4 - مەھەللە.

71. ھاۋاخان مەتسەيدى، كېرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، قالغاچ كەنت، 4 - مەھەللە.

72. مەتتوختى يۇنۇس، كېرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، قالغاچ كەنت، 3 - مەھەللە.

73. ئابدۇرېھىم تۇخا، كېرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، قالغاچ كەنت، 3 - مەھەللە.

74. ئىسمائىل تۇخا، كېرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، قالغاچ كەنت، 3 - مەھەللە.

74. ئابدۇسادىق ئابدۇراھمان، كېرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، قالغاچ كەنت، 3 - مەھەللە.

75. مەتسايىم مەتسىدىق، كېرىيە ناھىيە، شەنبە بازار، سىيەك يېزىسىدىن. 20 يىللىق تۈرمىدە يېتىپ چىققان، ھازىرمۇ قايتىدىن لاگېرغا ئەكىرىۋېلىنغان.

76. مەتسەيدى مەتسىدىق، كىرىيە ناھىيە، شەنبە بازار، سىيەك يېزىسىدىن. 14 يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققان بولسىمۇ، يەنە قايتىدىن لاگېرغا «تەربىيەلەش» دەپ ئەكىرىپ، چالا ئۆلۈك ھالەتتە قويۇپ بېرىلگەن، كېيىن يەنە ئەكىرىۋېلىنغان.

77. مەتياسىن مەتسىدىق، كىرىيە ناھىيە، شەنبە بازار، سىيەك يېزىسىدىن. 2015 - يىلى سەۋەبسىز تۇتۇلغان، ھازىرغىچە ئىز - دېرىكى يوق (بۇ ئۇچەيلەن بىر تۇغقان قېرىنداشلار).

78. ئابدۇللاھ مەتكىرەم ، كىرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، 3 - كەنت.

79. ئابدۇلباسىت ئابدۇللاھ، كىرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، 3 - كەنت.

80. ئابدۇلۋاھاب ئابدۇللاھ، كىرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، 3 - كەنت.

81. ئابدۇرېشىت مەتسەيدى، كىرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، 3 - كەنت.

82. مۇھەممەد مەتسەيدى، كىرىيە ناھىيە،

ئارال يېزا، 3 - كەنت.

83. ئابدۇللاھ ئابدۇۋېلى، كېرىيە ناھىيە، ئارال يېزا، 3 - كەنت.

84. پەيزۇللاھ ئابلېكىم، چىرا ناھىيە، نۇرى يېزا، چىمەنباغ مەھەللە، 1 - كەنت.

# خوتەندىكى بىرقىسىم مازارلار

هېيتاخۇن مەمتىمىن

شەرقى تۈركىستاننىڭ خوتەن-چىرىيەدىكى ئىمامى جەئفىرى تەيران مازىرى، تۆت ئىماملىرىم مازىرى، ئىمامى ھەمدانىم مازىرى، كېرىيەدىكى ئىمامى غەززالى مازىرى، لوپتىكى زەكەرىيا پەيغەمبەر دەپنە قىلىنغان دەپ قارالغان ئۈژمە مازىرى، سىياۋۇش مازىرى، باغدات مازىرى، بۇيا مازىرى، قاراقاشتىكى قۇمرابات پادىشاھىم مازىرى،ئىمامى ئەپتەر مازىرى، يالغۇز ئوغۇل مازىرى، ئىمامى ئەسكەر مازىرى قاتارلىق نۇرغۇن مازارلار تاۋاپچىلار تەرىپىدىن زىيارەت قىلىنىپ تۇراتتىكەن. خەن خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ شەرقى تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئاتالمىش ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا 1958-يىلى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا مەدەنىيەت ئامىللىرى چەكلىنىپ، جۈملىدىن شەرقى

تۈركىستاندىمۇ مازار تاۋاباتى قاتتىق چەكلىنىمگە ئۇچرىغان، بەزىلىرى يىقىپ تاشلانغان. مازار تاۋاباتى پائالىيىتى ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئاياقلىشىشىغا ئەگىشىپ ، 1980-يىللاردا قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە تاۋاپچىلىق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ، مەزكۇر مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ بىرنەسە تىلەش، ھاجىتىنى راۋا قىلىشىغا ۋەسىيلە بولۇشىنى ئۇتۇنۇپ تىۋىنىش ئىسلام ئېتىقادىدا شېرىك، تەۋھىد ئېتىقادىغا زىت دەپ قارىلىپ بۇنى كەسكىن رەت قىلىدىغان قاراشلار بولسىمۇ يەنە بىرتەرەپتىن مەزكۇر مازارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇدۇن بۇددىستلىرى بىلەن ئېلىشىپ شېھىت بولغان شۇھەدالارنىڭ تەۋەررۇكى بولغاچقا ئەسلەش خاراكتېرلىق زىيارەتلەر دەپ قاراپ قەبىر زىيارىتىنى مۇباھ كۆرىدىغان قاراشلارمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. كېيىنكى قاراش 12 ئىمام ئېتىقادىدىكى شىئە مەزھىبى ۋە ئىسلام تەسەۋۋۇپىدا خاسىيەتلىك ئىش دەپ قارىلىدۇ.

خىتاي ھۆكىمىتى بۇ مازارلارنى خىرىس

دەپ قاراپ 1997-يىلىدىن باشلاپ مازار تاۋاباتى زىيارىتىنى چەكلەشكە باشلىغان، بىراق قەشقەردىكى ئاپاق خوجىنىڭ مازىرى ھەرۋاقىت زىيارەتچىلەرگە ئوچۇق قويۇلغان.

## ئىمامى جەئفىر تەيران مازىرى

بۇ مازار چىرىيە يېزىسى تەۋەسىدە ئورۇن ئالغان، ئىمامى جەئفىرى تەيران مازىرىنىڭ شەرق تەپىدە 250 تالىپ يېتىپ قوپۇپ ئوقۇيالايدىغان بىر ئالى مەدرىسە بىناسى، يەنە شىمالىدا 200 تالىپ يېتىپ قوپۇپ ئوقۇيالايدىغان بىر مەدرىسە قورۇسى بار بولۇپ 1952- يىلى خىتاي ھۆكىمىتى پۇتۇنلەي يىقىپ تاشلىغان ئىكەن. مازارنىڭ يېنىدىكى خانىقاغا 1986-يىلى نامەلۇم كىشى ياكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئوت قويۇۋېتىلگەن، بىراق خىتاي ھۆكىمىتى بۇنىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلمىغان.ئىمامى جەئفىر تەيران، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرنەۋرە ئاكا-ئۇكا بولۇپ، يەرلىك مىتولوگىيىلىك رىۋايەتلەردە ھىجرىيە 8-يىلى

شامدىكى بىر ئۇرۇشتا قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتى يا چىرا دېگىنىچە مۇشۇ جايغا ئۇچۇپ كەلگەن دەپ قارىلىپ، تەۋەررۇك جاي بولۇپ قالغان. يەنە 1993-يىلى كېرىيەدىكى ئىمامى غەززالى مازىرىنىڭ بىرقىسىمىمۇ نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلانغان بولسىمۇ،خىتاي ھۆكىمىتى بۇ ئىشقىمۇ قولاق يۇپۇرۇپ تۇرۇۋالغان ۋە كىمنىڭ قىلغانلىقى سۈرۈشتۈرۈلمىگەن، بەلكىم خىتاي ھۆكىمىتى يۇشۇرۇن ۋەيران قىلدۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

## ئىمامى ھەمىدانىم مازىرى

بۇ مازار چىرىيە ناھىيەسىگە قاراشلىق نۇرى يېزا چىمەنباغ مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، مازارنىڭ ئىسمى قەيەردىن كەلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

# تۆت ئىمامنىڭ مازىرى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ مازار چىرا ناھىيىسىنىڭ بوستان يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قاراخانىيلار قوشۇنى ئۇدۇن بۇددىستلىرىنى بويسۇندۇرۇش جېڭىدە شېھىت بولغان 4 ئىمامنىڭ مازىرى ئىكەن. 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرى قاراخانىيلار قوشۇنى ئۇدۇن دۆلىتى قوشۇنى بىلەنكى ئۇرۇشتا قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇخارادىن نەسىرىددىن، مۇھەتتىن، زەيدىن ۋە كاۋاندىن تەركىپ تاپقان تۆت ئىمام تۇمەنمىڭ لەشكەرگە قۇماندانلىق قىلىپ،قاراخانىيلار قوشۇنى بىلەن بىرسەپتە ئۇرۇش قىلغان ۋە ئۇدۇن دۆلىتى ئۇستىدىن غالىپ كەلگەن. ئۇلار تاغ جىلغىلىرىغا قاراپ قېچىۋاتقان ئۇدۇن قوشۇنىنى قوغلاپ بوستان دېگەن جايغا كەلگەندە، تۆت ئىمامغا ئارقىدىن ئوق تېگىپ ئۇلار شۇ يەردە شېھىت بولغان. كېيىن قاراخانىيلار سۇلتانى يۈسۈپ قادىرخان ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلىپ ئۇلار ئۈچۈن گۈمبەز ياساتقۇزغان.

يەنە بەزى رىۋايەتلەردە 1000 يىللار بۇرۇن دىن تارقىتىش ئۈچۈن مەككىدىن مۇشۇ جايغا كەلگەن تۆت ئىمام، ئۇدۇنلۇق بۇددىستلار تەپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان، شۇڭلاشقا يەرلىك خەلق بۇ مازارنى تۆت ئىمامى زەبىھۇللاھ مازىرى دەپ ئاتايدۇ.

مەن ئەقلىمگە كەلسەم، ھەرىيلى كۈزدە چىرا كەنتى، نۇرى، چاقار، ۋە تۆت ئىماملىرىم-بوستان يېزىلىرىنىڭ تاغلىرىدىكى مازارلارنى زىيارەت قىلىدىغان نەچچە يۈزلىگەن تاۋاپچىلار خوتەن ۋە باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ ئۆيىمىزنىڭ يېقىنىدىن ماڭاتتى، كارۋان توختاپ خورخۇنلىرىدىكى نانلىرىنى بىر-بىرىگە تۇتۇشۇپ، بىللە ناماز ئوقۇشۇپ قېرىنداشلىق رىشتىسىنى نامايان قىلىشاتتى. مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم كۆرگەن بۇنچىۋالا كۆپ سەللىلىك ۋە ئاق ياغلىقلىق ھەرياشتىكى كىشىلەر ھەيۋەتلىك ۋە سۇرلۇك بىلىنەتتى.

# ئىمامى غەززالى مازىرى

ئىمامى غەززالى مازىرى كېرىيە ناھىيىسى لەڭگەر يېزىسىنىڭ ئايىغىدىكى بىر زاراتگاھلىقتا بولۇپ، ئىمام غەزالىنىڭ ئىسمى ئەبۇ هامىد مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەلغەززالى، خۇراساننىڭ تۇس رايۇنىدىغا يېقىن غەززالە يۇرتىدا ھىجرىيىنىڭ 450- يىلى ( مىلادى 1058 ) تۇغۇلغان، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بولسا كېرەك ئەلغەززالى دەپ ئاتالغان. گەرچە ئىمامى غەززالى كېرىيەگە ئاياق باسمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نامىدا ماقام مازىرى تىكلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىمامى غەززالى ئىلىمگە ھۆددىگەر دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، دىنى ئوقۇشنى ئوقۇيمەن دېگەن كىشى ئالدى بىلەن ئىمامى غەززالىمىنىڭ قەۋرىسىگە بېرىپ دۇئا قىلىپ، كېرىيەدە ئوقۇشى كېرەك دەيدىغان قاراشلار مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن نۇرى يېزىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، مېنى تاس قىلىشقان كېرىيەگە ئاپىرىپ ئوقۇشقا بەرگىلى.

# باغدات مازىرى

بۇ مازار لوپنىڭ دول يېزىسىدا بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇن باغداتلىق سەئىدىن دېگەن كىشى ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن لوپقا كەلگەن بولۇپ، ئۇرۇشتا شېھىت بولغاندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ئىكەن.

# ئىمامى ئەپتەھ مازىرى

قاراقاش ناھىيە سايباغ يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىلادىيە 1026-يىلى ئىمامى ئەپتەھ، ئىمامى ئەھمەد، ئىمامى زەينۇلئابىدىن، ئىمامى مۇھەممەد، ئىمامى ئېلى ئەنۋەر، ئىمامى ئېلى ئەكبەر، ئىمامى ئېلى ئەسقەر قاتارلىق 7 ئاكا-ئۇكا يەكەن قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن خوتەننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بۇ ياققا كەلگەن ئىكەن. ئۇدۇن(خوتەن) بۇددىستلىرىنىڭ ئاكا-ئۇكا چوقتى رەشىد، نوقتى رەشىد ئىسىملىك باشلىقلىرى ئۇلارغا قارشى جاھىللىق بىلەن جەڭ قىلغان.

7 ئىمام ئىلگىرى كېيىن بولۇپ نۇرغۇن جەڭلەردە مۇشۇ ماكاندا شېھىت بولغان دەپ قارىلىدۇ

## ئىمامى جەئفىرى سادىق مازىرى

بۇ مازار نىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نىيە يېزىسى قاپاق ئاسقان كەنتىگە جايلاشقان.

ئىمامى جەئفىرى سادىق ئەسلى شىئە مەزھىبىنىڭ 6-ئەۋلاد ئىمامى بولۇپ، مىلادىيە 765-يىلى مەدىنىدە قەتلى قىلىنغان. بۇ يەردىكى ئۇنىڭ مەنىۋى ماقامى دەپ قارىلىپ كەلگەن.



ئوڭدىن ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم، مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم ۋە ئابدۇللاھ روزى داموللا ھاجىم خوتەندىكى مەلۇم بىر ئۇچرىشىشتا.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

ئابدۇجېلىل تۇران ئارخىپى
«نبذة من حياة محمد علي خلفتم» ناملىق قوليازما ئەسەر
www.turkistantimes.com ناملىق تور سۇ پىسى
ئۇيغۇر مازارلىرى(راھىلە داۋۇت)

※ ※ ※

بۇ كىتاپتىن كېيىن بىزنىڭ يەنە بىر خالىسانە خىزمىتىمىز بولغان **http://quranikerim.net** نى زىيارەت قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز.